

2023 ئاۋغۇست
ئومۇمىي 48-سان
ئۇيغۇرلار
The Uyghurs
ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى
The Magazine of the Uyghur Culture and Survival
جاسۇسلۇق ۋە يالغانچىلىق
1
خىتاينىڭ ھەربىي كېڭەيمىچىلىكى
37
جۇدالىق بىزنى قانداق ئۆزگەرتىدۇ
76

ئومۇمىي 48-سان

2023 ئاۋغۇست

# ئۇيغۇرلار

## ئايلىق ئۇنىۋېرسال ژۇرنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمدە دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.

باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت

مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم
ئۆتكۈر ئالماس

**چىقارغۇچى ئورۇن :**

ئۇيغۇر پروجېكت فوندى (UPF)

www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:

ئۇيغۇر پروجېكت فوندىغا تەۋە.

**مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.**

6 009800 461091 >



# مۇندەرىجە


## مىسلىسىز ئويغىنىش

ئامېرىكانىڭ خىتاي بىلەن بولغۇسى ئۇرۇشتىكى يوشۇرۇن ئاجىزلىقى 48

«كونا» پىكىرلەر نېمە ئۈچۈن مەخپىي قورال ھېسابلىنىدۇ؟

## خىتاي تەتقىقاتى

جاسۇسلۇق ۋە يالغانچىلىق

## خەلقئارا ۋەزىيەت

ئامېرىكالىقلار خىتاينىڭ ھەربىي كېڭەيمىچىلىكىگە ئاكسىز رەۋىشتە ياردەم بەرمەكتە


خىتاينىڭ چوڭ پىلانىدىكى ئافغانىستان 70

## تۈگۈنلەر ۋە يېشىملەر

تېرېزىن جازا لاگېرى 42


**مۇقاۋىدىكى رەسىملەرنى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەت قۇمتۇر تەمىنلىگەن**










## تارىخ ۋە بىز

مالايسىيا ۋە شەرقىي تۈركىستان 81

19–ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھامىيسى زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ 89

## مەدەنىيىتىمىزدە ئىسلام

مۇلايىملىق تېپىلغان ئىش گۈزەللىشىدۇ 98


## ساغلاملىق

ساغلام ھايات ئۈچۈن مۇھىم كۆرسەتمىلەر 85

## كۆڭۈل ۋە تەن

ئۇنۇمدارلىقنى ئاشۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى – «ياق» دېيىش 30

جۇدالىق بىزنى قانداق ئۆزگەرتىدۇ؟


ختاي تەتقىقاتى
SPIES
جاسۇسلۇق
AND
ۋە
LIES
يالغانچىلىق
HOW CHINA'S GREATEST COVERT
OPERATIONS FOOLED THE W
'When Alex Joske speaks, governments need to listen.'
MIKE GALLAGHER, MEMBER OF US CONGRESS
AL
ئالېكس جوسك
JOSK

# سەككىزىنچى باب: «خىتاينىڭ تىنچ قەد كۆتۈرۈشى» سەپسەتىسى

**بېشى ئالدىنقى ساندا**

**ئەرۋاھسىمان پىرقىلەر**

جېك بىجيەننىڭ نەزەرىيە رامكىسى توغرىسىدا پارتىيە ئىچىدە يۈز بەرگەن بەس-مۇنازىرىلەر بۇ تەشۋىقات ھېكايىسىنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇردى. سىرتتىن كۆزەتكۈچىلەرنىڭ نەزىرىدە، بۇ خىتاي كومپارتىيەسىدىكى مۇتەئەسسىپ قاتتىق قوللار بىلەن «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» نامايەن قىلغان ئاتالمىش «لىبېرال ئىسلاھاتچى»لار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتەك كۆرۈنەتتى. ئەسلىدە خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنىڭ ئىجرائاتچىلىرى بولغان «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ ئەزالىرى پارتىيە ئىچىدە ئۆزگىرىشنى تەرغىب قىلىۋاتقان جەسۇر كىشىلەر ۋە خىتاينى غەربلەشتۈرۈشتىكى ئۈمىد نۇرى دەپ قارالدى.

خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئالىي رەھبەرلىرى دەسلەپتىلا «تىنچ قەد كۆتۈرۈش»نى ئاشكارا قوللىغان بولۇپ، خۇ جىنتاۋ ۋە باش مىنىستىر ۋېن جىاباۋ بىردەك ھالدا 2003-يىلىدىكى «بوئاۋ مۇنبىرى»دىن بىر ئاي كېيىنكى نۇتۇقلىرىدا بۇ ئىبارىنى ئىشلەتكەنىدى. خۇ جىنتاۋ بىر قېتىملىق سىياسىي بيۇرو يىغىنىدىمۇ بۇ ئاتالغۇنى قوللانغان. خىتايدىكى تەسىر كۈچكە ئىگە نۇرغۇنلىغان گېزىت-ژۇرناللارمۇ بۇ ئىدىيەنى مۇزاكىرە قىلغان ياكى قوللىغانىدى.(33)

ھالبۇكى، خۇ جىنتاۋ 2004-يىلى «بوئاۋ مۇنبىرى»دە قىلغان سۆزىدە بۇ ئىبارىنى ئىشلەتمەي ھەممىنى ھەيران قالدۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن، جېك بىجيەن ئوتتۇرىغا قويغان بۇ ئۇقۇم پارتىيە رەھبەرلىرى تەرىپىدىن تىلغا ئېلىنماس بولدى. («تىنچ قەد كۆتۈرۈش» دېگەن) بۇ ئۇقۇمنىڭ ئورنىغا، «ئامېرىكانىڭ ئورنىنى ئېلىش» پۇرىقى ئانچە كۈچلۈك بولمىغان «تىنچ تەرەققىي قىلىش» (和平发展) ئۇقۇمى ئىشلىتىلدى. گەرچە «تىنچ قەد كۆتۈرۈش» ئۇقۇمى داۋاملىق ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما دەسلەپتىكىدەك گەۋدىلىك بولمىدى.(34)

«تىنچ قەد كۆتۈرۈش» نەزەرىيەسىنىڭ داڭ چىقىرىشى ۋە مودىدىن قېلىشى يۇقىرى دەرىجىلىك سىياسىي رىقابەتنىڭ ئاشكارا ئالامىتى بولۇشى مۇمكىن. بۇ چاغدا جياڭ زېمىن ھېلىھەم خىتاينىڭ تاشقى سىياسەت ساھەسىنى تىزگىنلەپ تۇرغان بولغاچقا، خۇ جىنتاۋ بۇ يېڭى تەلىمات ئارقىلىق خىتاينىڭ دىپلوماتىيە ساھەسىگە ئۆز تامغىسىنى بېسىشقا ئۇرۇنغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھەقتىكى ھېكايىلەردىن بىرىدە مۇنداق دېيىلگەن: جياڭ زېمىن جېڭ بىجيەننىڭ نەزەرىيەسىگە قىزىققان بولۇپ، جېڭ بىجيەن 2004 ـ يىلى بۇ ھەقتە سىياسىي بيۇروغا دوكلات سۇنغان. ئەمما خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى ئورتاق تونۇشى «مەزكۇر ئىدىيەنىڭ مۇۋاپىق ياكى ئەمەسلىكى توغرىسىدىكى مۇنازىرىلەر داۋاملىشىشى كېرەك بولسىمۇ، پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ بۇ تېمىدا بىۋاسىتە سۆز قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق» دېگەندىن ئىبارەت بولغان.(35)

قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، جېڭ بىجيەن «تىنچ قەد كۆتۈرۈش» بىلەن «تىنچ تەرەققىيات»نىڭ ئوخشاش ئۇقۇملار ئىكەنلىكىدە قەتئىي چىڭ تۇردى.(36) ۋەھالەنكى، راستىنى ئېيتقاندا، بۇ ئىككىلا نام خىتاينىڭ ھەرىكىتىگە ئەمەلىي تەسىر كۆرسىتەلمەيتتى. خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ قۇرۇلۇشىغا سەۋەب بولغان سىياسىي كونترولغا ئوخشاشلا، («تىنچ قەد كۆتۈرۈش» نەزەرىيەسىگە ئالاقىدار) بۇ بەس ـ مۇنازىرىنىڭ يادروسىنى (جياڭ زېمىن بىلەن خۇ جىنتاۋنىڭ ئارىسىدىكى) «قانۇنىيلىق، غوجىئاكىلىق ۋە سىمۋوللۇق» رىقابىتى دەپ چۈشىنىش ئەڭ مۇۋاپىقتۇر. جياڭ زېمىن بىلەن خۇ جىنتاۋ ئوتتۇرىسىدىكى تاشقى سىياسەت ماجىراسى ــــ ئەگەر راستلا شۇ خىل توقۇنۇش مەۋجۇت بولسا ــــ چوڭ ئىستراتېگىيەدىكى ماھىيەتلىك ئىختىلاپ بولماستىن، بەلكى سىياسىي نوپۇز تالىشىلغان ۋاكالەتچىلىك ئۇرۇشىغا بەكرەك ئوخشايتتى. نەتىجىسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى نەپ ئالالايدىغان توقۇنۇش ئىدى.

خىتاينىڭ سىرتىدا، «تىنچ قەد كۆتۈرۈش» تەقلىد ئېلېمېنتى (meme ــــ تەقلىد ياكى باشقا غەيرىي ئىرسىي ۋاستىلەر ئارقىلىق بىر ئادەمدىن يەنە بىر ئادەمگە ئۆتىدىغان كۇلتۇرەل ئېلېمېنت ياكى قىلمىش سىستېمىسى ئېلېمېنتى، ت) خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ چەتئەللەرگە تەسىر كۆرسىتىشكە مەسئۇل ئاپپاراتلىرىنىڭ ياردىمىدە داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. نۇرغۇن چەتئەللىك خىتاينى كۆزەتكۈچىلەر جېڭ بىجيەننىڭ تەشەببۇسى توغرىسىدىكى بەس ـ مۇنازىرىلەرنى ئەركىن دۆلەتلەردە دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان تاشقى سىياسەت مۇنازىرىلىرىگە ئوخشاش دەپ قارىدى. ئەركىن دۆلەتلەردىكى بۇ خىل مۇنازىرىلەردە سىياسەتچىلەر، ئاكادېمىكلار، تاراتقۇلار ۋە باشقا ئالاقىدار تەرەپلەر كونكرېت نەتىجە بېرىدىغان سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىش ئۈچۈن تەڭ پىكىر بىلدۈرۈشىدۇ. بۇ خىل مەنتىقىگە كۆرە، خىتاينىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى ئامېرىكانىڭ مەنپەئەتىگە تېخىمۇ ماس كېلىدىغان بىر پىرقە (يەنى ئاتالمىش «ئىسلاھاتپەرۋەرلەر») خىتاينىڭ قوشنىلىرىنى ۋە ئامېرىكانى قورقۇتۇشقا مايىل قاتتىق قوللار بىلەن تىركىشەتتى. (37) كوندولىزا رايىسنىڭ «ئامېرىكا ھۆكۈمىتى

خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئىچىدىكى ئىسلاھاتچىلارنىڭ كۈچىنى زورايتىش ئۈچۈن، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىدىن مەنبەلىنىدىغان سىياسىي ئىسلاھات تەلىپىدىن تولۇق پايدىلىنىشى كېرەك» دېيىشى پەقەتلا ئومۇملاشقان قاراشنىڭ ئىپادىسى ئىدى، خالاس.(38)

جېك بىجىيەنىنىڭ «تىنچ قەد كۆتۈرۈش»نى تەشەببۇس قىلىشى ۋە خىتاي رەئىسى خۇ جىنتاۋ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۇنى ۋە «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نى (ئامېرىكاغا قارىتا) تېخىمۇ «دوستانە» سەپكە جايلاشتۇردى. شەك ـ شۈبھىسىزكى، جېك بىجىيەنىنىڭ لىبېراللىشىشقا ھەقىقىي قىزىقىدىغان ئىسلاھاتچى خۇ ياۋباڭنىڭ قول ئاستىدا خىزمەت قىلغانلىقى («جېك بىجىيەن ئامېرىكاغا قارشى دوستانە كىشىدۇر» دېگەن) بۇ خىل ئوبرازنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. ئۇنىڭ كەسپىي ھاياتى بويىچە سىياسىي پىرقىلەر ئارىسىدا كېلىپ ـ كېتىپ تۇرغانلىقى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتمىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ كىشىلەر قارىماققا قوللاشقا تېگىشلىك گۇرۇھتەك قىلاتتى. ئۇلار تېخىمۇ لىبېرال ۋە تىنچ خىتاينىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەمدە بۇ ئارزۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىش مۇمكىنچىلىكى ھەققىدە پاراڭلاشقىلى بولىدىغان ئېچكى ئەھۋالدىن خەۋەردار كىشىلەر ئىدى. ئۇلار ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ياخشى كىشىلەر دەپ قارالغانىدى.

بۇ «باشقىلارمۇ ماڭا ئوخشاش تەپەككۇر قىلىدۇ» دەيدىغان تونۇش بىر تەرەپلىمىلىكى سەۋەبلىك كۆرۈلگەن ئاپەت خاراكتېرلىك خاتالىق ئىدى. جېك بىجىيەنىنىڭ خىتايدىكى تەسىرىنى توغرا باھالاش تەس ئىدى. جېك بىجىيەن بىلەن خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا نەپ يەتكۈزۈش مۇناسىۋىتى سەۋەبلىك، بۇ مەسىلىدە ساختا ئۇچۇرلار بىلەن پاكىتلارنى پەرقلەندۈرۈش پەۋقۇلئاددە قىيىن ئىدى. ئۇنىڭ ۋەكىللىك نەزەرىيەسى (يەنى «تىنچ قەد كۆتۈرۈش» نەزەرىيەسى) ماھىيەتتە سىياسەت مەۋقە ئەمەس، بەلكى تەشۋىقات رامكىسى ئىدى.

ھالبۇكى، جېك بىجىيەنىنىڭ خەلقئارادىكى تەسىرىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايتتى. (نىكسون دەۋرىدە) ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئارىسىدا مۇناسىۋەت ئورنىتىلىش جەريانىدىكى يادرولۇق شەخسلەردىن بىرى بولغان، ئامېرىكانىڭ تاشقى سىياسەت ساھەسىدىكى گىگانت ئەرباب ھېنرى كىسسىنگېر 2011 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «خىتاي ھەققىدە» دېگەن ئەڭ بازارلىق كىتابىدا جېك بىجىيەننى ماختىغانىدى. جېك بىجىيەنىنىڭ دائىمىي سۆھبەتداشلىرىدىن بىرى بولغان كىسسىنگېر «تىنچ قەد كۆتۈرۈش» ھېكايىسىنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مۇددىئاسى، دەپ باھالىغانىدى. جېك بىجىيەنىنىڭ تەكلىپىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئىشلىتىلمەس بولغانلىقى ھەمدە بۇنىڭ ئەزەلدىن سىياسەت بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت رېئاللىق نەزەردىن ساقىت قىلىنغانىدى.(39)

ئەكسىچە، كىسسىنگېرنىڭ خاتا چۈشىنىۋېلىشى «تىنچ قەد كۆتۈرۈش»نىڭ تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكىتى سۈپىتىدە قانچىلىك قالتىس ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلاتتى. خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى

مىنىستىرلىقىنىڭ خادىملىرى ئۆزلىرىنىڭ كاززابلىق ۋە تېزگىنلەش تېخنىكىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، جېڭ بىجيەن ئوتتۇرىغا قويغان خىتاي تونۇرىسىدىكى پەرەزلەرنى كۈچەپ تەشۋىق قىلىپ، ئۆزلىرى بىلەن ئالاقە قىلغان كىشىلەرنى «تىنچ قەد كۆتۈرۈش»نىڭ يەنىلا رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈردى.(40) ئۇلار سىياسىي ئۇرۇشنىڭ يېڭى يېتەكچىلىك قوللانمىسىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن، خىتاينىڭ «تىنچ قەد كۆتۈرۈش» نەزەرىيەسى بىلەن ئىستىخبارات ۋە جاسۇسلۇق تېخنىكىلىرىنى بىرلەشتۈرگەندى.

«تىنچ قەد كۆتۈرۈش» ھېكايىسى «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ جەلپكارلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. بۇ پەقەت پارتىيە رەھبەرلىرىنىڭ ئاغزىدىن ئاندا ـ ساندا ئاڭلىنىپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ مۇتەئەسسىپ ئېقىمغىلا ۋەكىللىك قىلىپ قالماستىن، خىتاي كومپارتىيەسىنى شەكىللەندۈرەلەيدىغانلىقىنىڭ دەلىلىدەك كۆرۈندى. بۇ خىتايدىكى باشقا ئاقىللار ئامبارلىرى تەمىنلىيەلمەيدىغان ئەۋزەللىك ئىدى، ئەلۋەتتە. چەتئەللىك كۆزەتكۈچىلەرنىڭ نەزىرىدە، جېڭ بىجيەن ئەمدى نوقۇل ھالدا مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى ئەمەس ئىدى. «ۋال كوچىسى گېزىتى»نىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇ «خۇ جىنتاۋنىڭ سىردىشى» ھەمدە «خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئىچكى ئەھۋالىدىن مۇكەممەل خەۋەردار كىشى» ئىدى.(41) ئامېرىكا دىپلوماتلىرىمۇ بۇ قاراشنى قۇۋۋەتلەپ، ئۇنى «بېيجىڭدىكى ئالىي تاشقى سىياسەت مەسلىھەتچىلىرىنىڭ بىرى» دەپ سۈپەتلەشتى.(42)

«خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» يەنە پارتىيە ئىچىدىكى باشقا ھوقۇق ۋاستىچىلىرى بىلەنمۇ ئالاقە ئورناتقان بولۇشى مۇمكىن. خىتاينىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىنى كۆزىتىپ كەلگەن تەجرىبىلىك كۆزەتكۈچى بونىي گلېيزېرغا (Bonnie Glaser) كۆرە، بېيجىڭدىكى ئاكادېمىكلار ئەگەر ئۆز پىكرىنى پارتىيە رەھبەرلىرىگە ئاڭلاتماقچى بولسا، ئۆز دوكلاتىنى يۇقىرىغا يەتكۈزۈشتە جېڭ بىجيەنگە تايىنىدىكەن. شاڭخەيدىكى ئاكادېمىكلار بولسا بۇ جەھەتتە جياڭ زېمىننىڭ ئۇستازى، 2005 ـ يىلى ئۆلگەنگە قەدەر «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ ئالىي مەسلىھەتچىسى بولغان ۋاڭ داۋخەنگە (汪道涵) مۇراجىئەت قىلىدىكەن.(43) «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» يەنە كىشىلەرگە ئەينى ۋاقىتتىكى خىتاينىڭ مۇئاۋىن دۆلەت رەئىسى، بەلكىم خىتايدىكى ئۈچىنچى نومۇرلۇق ھوقۇقدار زېڭ چىڭخوڭ بىلەن كۆرۈشتۈرۈش ھەققىدە ۋەدە بەرگەندى.

زېڭ چىڭخوڭنىڭ كاتىپى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ نىقاب تەشكىلاتىنىڭ يەنە بىر مەسلىھەتچىسى بولۇپ، ئۇ گاھىدا مۇشۇ تەشكىلاتنىڭ چەتئەللىكلەر بىلەن بولغان ئۇچرىشىشىغا ئىشتىراك قىلغان، مەسىلەن ياۋروپا كومىتېتىنىڭ سابىق رەئىسى رومانو پرودى (Romano Prodi) بىلەن كەچلىك تاماق يېگەن ياكى كورېيەدىكى «جېجۇ تىنچلىق مۇنبىرى»غا قاتناشقاندى. (44)

هالبۇكى، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ خادىملىرىنىڭ ۋەزىپىسى چەتئەللىكلەرنىڭ كومپارتىيەگە تەسىر كۆرسىتىشىگە ۋە ئۇنىڭ ئىچكى مېخانىزمىنى چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىش ئەمەس ئىدى. پارتىيە رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈش «شەرىپى»گە نائىل بولغانلارنىڭ بەزىلىرىدىن ـــ ھەتتا كۆپىنچىسىدىن ـــ شۇنىڭ بەدىلىگە ئالىلىقانداق ئىشلارنى قىلىش تەلەپ قىلىنغانىدى. مەسىلەن، «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» ۋە خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىدىكى لىن دى ئامېرىكالىق تىنچلىق پائالىيەتچىسى جېرېمي ج. ستوننىڭ (Jeremy J. Stone) خىتاي ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشۈشكە ياردەم قىلغان بولۇپ، ئەينى چاغدا جېرېمي ستون خىتاي بىلەن تەيۋەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش توغرىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، خىتاي بىلەن تەيۋەن ئوتتۇرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشنى ئۆز ئالدىغا ھەل قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانىدى. لىن دى ھەتتا جېرېمي ستوننى خىتاي رەئىسى جياڭ زېمىن بىلەن كۆرۈشۈشكە تەكلىپ قىلغان، ئەمما بۇنىڭ بىر شەرتى بار بولۇپ، ئۇ تەيۋەن مەسىلىسىدە چوقۇم خىتاي ھۆكۈمىتى تەرەپتە چىڭ تۇرۇشى كېرەك ئىدى. ستون بۇ تەكلىپنى رەت قىلغان، ئەمما بىز خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ ئۆزلىرى قويۇق باردى ـ كەلدى قىلغان باشقا نەچچە ئونلىغان كىشىلەرگە قانداق شەرت قويغانلىقى ھەققىدە ھېچقانچە نەرسە بىلمەيمىز. (45)

## توققۇزىنچى باب: WikiLeaks نىڭ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ مېزىنى چۈۋۈشى

خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ سەرخىللارغا تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى خىتاينىڭ ئالاھىدە «يەرلىك مەھسۇلاتى»دۇر. بۇ ھەرىكەتلەردە، مۇناسىۋەت شەكىللەندۈرۈش ۋە داۋاملاشتۇرۇش ئىقتىدارى بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئامېرىكا، ياۋروپا، ياپونىيە ياكى ئاۋستىرالىيەدىكى سەرخىللارنى ئىندەككە كەلتۈرۈش بۇ ھەرىكەتلەردىكى ئاخىرقى نىشاندۇر. خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ خادىملىرى يەڭ ئىچىدە ئۆز نىشانلىرىنى تىزگىنلەشكە ئۇرۇنۇپ، ئۇلارغا نەپ يەتكۈزىدۇ ۋە كېيىن ئەسقاتىدىغان ئىشەنچ يېتىلدۈرىدۇ. گەرچە ئادەتتە بۇ خىل «ئېلىم ـ بېرىم»لارنىڭ تەپسىلاتىدىن ۋاقىپلىنىشقا ئىمكانىيەت بولمىسىمۇ، ئەمما بىز WikiLeaks (WikiLeaks ـــ 2006 ـ يىلى قۇرۇلغان نەشرىيات ۋە تاراتقۇ ئاپپاراتى بولۇپ، نامسىز مەنبەلەر تەمىنلىگەن مەخپىي ھۆججەتلەرنى ۋە باشقا ماتېرىياللارنى ئاشكارىلىغانلىقى بىلەن مەشھۇر، ت) ئارقىلىق بۇ ھەقتە بەزى مەلۇماتلارغا ئېرىشتۇق.

خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ قارمىقىدىكى «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» خىتايدىكى باشقا ئاقىللار ئامبىرىغا قارىغاندا سىياسىي ساھەنىڭ ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكى چەتئەللىكلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلالايتتى. گەرچە ئۇنىڭ «تىنىچ قەد كۆتۈرۈش» توغرىسىدىكى ۋەدىسىنىڭ يالغانلىقى ئىسپاتلانغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ كىشىلەرنى خىتاي ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ۋاستىچىلىرى بىلەن ئۇچرىشىدىغان پۇرسەت بىلەن تەمىنلىدى، ھەتتا ئىنتايىن قىسمەن ئەھۋالدا، ئۇ كىشىلەرنى خىتاي رەھبەرلىرى بىلەن بىۋاستە كۆرۈشتۈرگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى بۇ ھوقۇقلارنى ئىشلىتىشنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن، ئاجايىپ يېڭىچە مەنزىرە ئۇنىڭ ئالدىدا نامايەن بولدى. ئۇ ئەمدىلىكتە دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان چەتئەللىك ئاكادېمىكلار ۋە تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەر بىلەن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ يېپىق سۆھبەت ئۆتكۈزەلەيتتى ۋە ئېلىم ـ بېرىم قىلالايتتى. بۇ خۇسۇسىي ئۇچرىشىشلار خىتاي جاسۇسلىرى ئىلگىرى پەقەت ئارزۇ قىلالايدىغان بۇ خىل تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنى يېڭى مۇمكىنچىلىكلەرگە ئىگە قىلدى.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىكى خىتاي چەتئەل ئىستىخباراتى خادىملىرىغا ئۆز مېھمانلىرىنى خىتايچە تاماقلار بىلەن ئىنده‌ككه كەلتۈرۈش ئۆگىتىلگىنىگە ئوخشاش، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى ئۇيۇشتۇرغان مەخپىي يىغىلىشلاردىن ۋۇجۇدقا چىققان يېقىنلىق تۇيغۇسى تەسىر كۆرسىتىش ۋە خۇشامەتچىلىككە ئەڭ ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بەردى. «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»دىكى خىزمەتچىلەر ھەمىشە ئۆز مېھمانلىرىغا پارتىيەنىڭ ئىچكى ئەھۋاللىرى توغرىسىدا تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرلارنى ئاشكارىلاشنى خالايتتى ۋە بۇنىڭغا قادىر ئىدى. خىتاينى چۈشىنىشكە ئىنتىلىدىغان چەتئەللىكلەر ــ بۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ تەييارلىقى باشقىلارنىڭكىدەك پۇختا ئەمەس ئىدى ــ ئۆزلىرىنىڭ پارتىيەنىڭ ئىچكى ئەزالىرى تەرىپىدىن ئىشەنچلىك بىر چەمبەرگە ئېلىپ كىرىلگەنلىكىگە ئىشىنىپ قالاتتى. ئامېرىكالىق بىر خىتايشۇناس مۇنداق دېگەن: «خىتايلار بىلەن باردى ـ كەلدى قىلغان نۇرغۇن كىشىلەر بۇ تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنى ئانچە بىلىپ كەتمەيدۇ، ھەتتا ئۇلار ئۆزلىرى باردى ـ كەلدى قىلىپ يۈرگەن خىتايلارنىڭ جاسۇس ياكى ئەمەسلىكىگىمۇ ئانچە كۆڭۈل بۆلمەسلىكى مۇمكىن.» (1) بەزىلەر بۇ تەشكىلاتنىڭ خادىملىرى ئىچىدە جاسۇسلار بارلىقىنى بىلسىمۇ، ئەمما بۇ خىل مۇناسىۋەتنى پايدىلىق دەپ ئويلىغان ۋە ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشۈۋاتقانلارنى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىدىكى ئىسلاھاتچىلار، دەپ قارىغان.

دەماللىققا بۇ تاكتىكىدا ھېچقانداق يېڭى ياكى ھەيران قالارلىق نەرسە يوقتەك كۆرۈنىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا قالتىس بىر مەيدان جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى ئېلىپ بېرىپ، پادىشاھنى قوللايدىغان ساختا تەشكىلاتتىن پايدىلىنىپ چەتئەل جاسۇسلىرىنى قىزىقتۇرۇپ، ئەنگلىيە، فرانسىيە، پولشا، فىنلاندىيە ۋە بالتىق دېڭىزى دۆلەتلىرىنىڭ ئىستىخبارات خادىملىرىنى تۇزاققا چۈشۈرگەنىدى. (2) 1968 ـ يىلى «پراگا باھارى» باشلانغاندىمۇ

ئوخشاش تاكتىكا قوللىنىلغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا KGB چېخوسلوۋاكىيىگە 15 جاسۇس ئەۋەتىپ، ئۇلارنى نامايىشقا ھېسداشلىق قىلىدىغان غەربلىكلەر سۈپىتىدە كۆرسەتكەن ۋە بۇ ئارقىلىق يەرلىك ئەكسىئىنقىلابچىلارنى تېپىپ چىقىشقا مۇۋەپپەق بولغان. (3)

«خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ يۇقىرىقى پىلانلاردىن پەرقى شۇكى، ئۇ ئوخشاش ئۇسۇللارنى ئىشلىتىپ، جاسۇسلارنى تۇتۇشنى ئەمەس، بەلكى پائال ھالدا چەتئەللىك سەرخىللارغا ھېرى كىسىنگېرنىڭ تەبىرىدىكى «گۈزەل ۋە سىرلىق دۆلەت» (يەنى خىتاي)نىڭ پەۋقۇلئاددە مۇرەككەپ ۋەزىيىتى ھەققىدە «مەلۇمات» بېرىشكە تىرىشىپ، كۈچلۈك يالغانچىلىق ۋە ھېكايىلەرنى خەلقئارالىق بايانغا ئايلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلغان. (4) ئۇلارنىڭ يېپىق ئۇچرىشىشلاردا قىلغان سۆزلىرىگە زىت رەسمىي باياناتلارمۇ «پارتىيە ئىچىدىكى مۇتەئەسسىپلەر بىلەن قاتتىق قوللارنىڭ ھېلىھەم ھوقۇق كۈرىشى قىلىۋاتقانلىقى»نىڭ دەلىلى سۈپىتىدە ئاسانلا بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇلالايتتى ھەمدە «غەرب ئەللىرى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى لىبېراللارنىڭ تېخىمۇ كۆپ ھوقۇققا ئېرىشىشىگە ياردەم قىلىشى كېرەك» ياكى «خىتاي رەھبەرلىرى خۇسۇسىي سورۇنلاردا <ئاز ساندىكى تەلەيلىكلەر>گە ئاشكارىلىغان (خىتاينى لىبېراللاشتۇرۇش، دېموكراتىكلاشتۇرۇش دېگەندەك) خىياللىرىنى ئۇچۇق جاكارلاشقا تېخى تەييارلىنىپ بولالمىدى» دەپ قارىلاتتى. ئۇلارنىڭ خاتالىشىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ھەممىدىن مۇھىمى، بۇ ھەرىكەتلەردە تۇتۇلۇپ قېلىش ياكى ئاشكارىلىنىش خەۋپى يوق ئىدى. چۈنكى، نىيەتنىڭ قانچىلىك رەزىل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، باشقىلار بىلەن پاراڭلىشىش ۋە ئۇلارنى ئۆزگە تارتىش قانۇنسىز ئىش ئەمەس ئىدى. «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»دىكى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى خادىملىرىنىڭ ئامېرىكاغا بارغاندا كىشىلەرنى ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىشىنىڭ ھېچقانداق ئورنى يوق ئىدى، چۈنكى بۇنداق قىلىش خەتەرلىك ئىدى ھەمدە نىشانلانغان كىشى خىتاينى زىيارەت قىلغاندا، ئۇلارنى «دوستانە» كەيپىياتتا ئىندەككە كەلتۈرۈش مۇمكىن ئىدى. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ بۇ ئەمەلدارلىرى «ئۇزۇنغا سوزۇلغان جەڭ» قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ، كىشىلەرنى ئۆزلىرى بىلەن ھەمكارلىششقا (تېخىمۇ توغرىسى جاسۇسلۇق قىلىشقا) كۆندۈرۈش پەقەتلا بۇ جەڭدىكى تاكتىكىلارنىڭ بىرىدۇر. ئۇلارنىڭ شوئارى «ئاۋۋال دوست تۇتۇپ، ئاندىن نېمە ئىش يۈز بېرىدىغانلىقىغا قاراش» بولۇشى مۇمكىن.

«خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»گە ئولىشىۋالغان خىتايشۇناسلار ۋە تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەر بۇ ئاپپاراتنىڭ پىلانىدىن بىخەۋەر ئىدى. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قانۇن ئىجرائات تارماقلىرى بۇ پائالىيەتلەرنى ئاشكارىلاشقا قىزىقمايتتى، چۈنكى ئەينى ۋاقىتتا بۇ پائالىيەتلەر قارىماققا ئەھمىيەتسىزدەك كۆرۈنگەنىدى ۋە بۇ خۇسۇستا ئەرز قىلىش قىيىن ئىدى. بۇنىڭدىن سىرت، بۇنداق

قىلماسلىقنىڭ (يەنى خىتاينىڭ دەماللىققا «قانۇنسىز» دېگىلى بولمايدىغان بۇ خىل پائالىيەتلىرىگە كىرىشۋالماسلىق ۋە بۇلار توغرىسىدا ئەرز سۇنماسلىقنىڭ) كۆچلۈك قانۇنىي ۋە سىياسىي سەۋەبلىرى بار ئىدى. خىتاينىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن قورقۇلغانلىقى ئۈچۈن، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ ئامېرىكا زېمىنىدىكى ھەرىكەتلىرىگە پائال مۇداخىلە قىلىش تەكلىپلىرى دائىم تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەر تەرىپىدىن رەت قىلىنغانىدى. (5)

## WikiLeaks ئاشكارىلىغان مەخپىيەتلىكلەر

2010 ـ يىلى WikiLeaks ئاشكارىلىغان مەخپىيەتلىكلەر كىشىلەرنى خىتاينىڭ بۇ خىل تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىگە قارىتا تېخىمۇ ئېنىق تونۇشقا ئىگە قىلدى. مەزكۇر ئاپپارات (يەنى WikiLeaks) ئەينى ۋاقىتتا ئىراقتىكى ئامېرىكا قوشۇنىدا ئىستىخبارات تەھلىلچىسىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان چېلسى ماننىڭ (chelsea manning) ئوغرىلىغان ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ 251 مىڭ 287 پارچە مەخپىي دىپلوماتىك تېلېگراممىسىنى ئاشكارىلاپ جاھان ئەھلىنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇردى. بۇ ھۆججەتلەر كىشىلەرنىڭ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ـــ كۆپىنچىسى مەخپىي بولغان ـــ ئىچكى مۇزاكىرىلىرى، بەس ـ مۇنازىرىلىرى ۋە كېلىشىملىرى بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

ئامېرىكانىڭ بېيجىڭدىكى باش ئەلچىخانىسى بۇ قېتىملىق ئاشكارىلاش دولقۇنىدا مېزى چۇۋۇلغان دىپلوماتىك ئاپپاراتلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ئەلچىخانا ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى، دۆلەت بىخەتەرلىكى كېڭىشى ۋە مەركىزىي ئىستىخبارات ئىدارىسىگە توختىماي تېلېگرامما ئەۋەتىپ تۇرغانىدى. ئامېرىكا دىپلوماتلىرى باشقا دۆلەتلەرنىڭ دىپلوماتلىرىغا ئوخشاشلا، خىتاينىڭ سىياسىتىنى چۈشىنىش ئۈچۈن مۇۋاپىق مەنبەلەرنى تېپىش جەريانىدا، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، ئاقىللار ئامبىرى، ئۇنىۋېرسىتېتلار، تاراتقۇ ۋە سودا ساھەلىرىدە دوست تېپىش ئۈچۈن نەچچە ئون يىل ۋاقىت سەرپ قىلغانىدى. بۇ «دوست»لار دىپلوماتلارغا نىسبەتەن گويا پۇلغا ئوخشايتتى، ئۇلار مۇشۇ «دوست»لىرىدىن ئىگىلىگەن ئۇچۇر ۋە چۈشەنچىلەر ئارقىلىق ئۆز دۆلىتىدىكى كاتتىباشلارنىڭ ئالدىدا يۈز تاپاتتى.

ئامېرىكانىڭ بېيجىڭدىكى باش ئەلچىخانىسىنىڭ ئاشكارىلانغان تېلېگراممىلىرىدا خىتايدىكى يۈزلىگەن ئالاقىچىلەرنىڭ ئىسمى كۆرسىتىلگەنىدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا خىتاينىڭ ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، داڭلىق ئاكادېمىكلار، ئاخباراتچىلار ۋە پائالىيەتچىلەر بار ئىدى. ھەممىدىن چاتىقى، بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەرگە «قاتتىق قوغدىلىدىغان» (strictly protected) ئۇچۇر

مەنبەسى دەپ بەلگە قويۇلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كىملىكى قاتتىق مەخپىي تۇتۇلۇشى كېرەك ئىدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزى كىشىلەرگە نىسبەتەن، بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى تولىمۇ يامان بولىدىغاندەك قىلاتتى.

پارتىيەسىز يەر خىتاي مىللەتچىلىرى بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەندى. گەرچە خىتاي تاراتقۇلىرى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ گۇگۇلغا تور ھۇجۇمى قىلغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن تېلېگراممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆججەتلەرنىڭ ئاشكارىلانغانلىقىنى خەۋەر قىلىشتا ئىككىلەنگەن بولسىمۇ، ھاياجانلانغان تورداشلار خىتاينىڭ «تور سەددىچىنى»دىن ھالقىپ ئۆتۈپ، **WikiLeaks** تور بېتىنى زىيارەت قىلىشتى. (6) نەتىجىدە، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا «ۋەتەن خائىنلىرى» ۋە «ئامېرىكانىڭ كۆز-قۇلاقلىرى»نىڭ تىزىملىكى خىتايدىكى ھەرقايسى تور مۇنبەرلىرىدە تارقىلىپ كەتتى. (7)

ئەمما، **WikiLeaks** يەنە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ نۇرغۇن نادانلىقلىرىنىمۇ ئاشكارىلىدى. تېلېگراممىلاردا ئامېرىكا دىپلوماتلىرىنىڭ قىلتاققا قانداق چۈشۈپ قالغانلىقى كۆرسىتىلگەنىدى: خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ خادىملىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا دوستانە ئالاقىچىلەر ۋە ئۇچۇر مەنبەسىنىڭ سىياقىغا كىرىۋالغانىدى. خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ خادىملىرى دىپلوماتىك تېلېگراممىلار ئارقىلىق، ئامېرىكانىڭ ھوقۇق مەركىزىدىكى تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەر بىلەن بىۋاستە سۆزلىشىش ۋە ئۇلارنىڭ خىتاي ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنى كونترول قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەنىدى. ئامېرىكا دىپلوماتلىرىنىڭ بۇ تېلېگراممىلارغا باسقان «مەخپىيلىك تامغىسى» شۇ تېلېگراممىلارنى ئوقۇغان ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ مەزكۇر ئۇچۇر مەنبەلىرىگە بولغان ئىشەنچىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان. بۇ قارىماققا ئىنتايىن ئاقىلانە ھەرىكەت بولۇپ، ئۆتمۈشكە نەزەر سېلىنغىنىدا، بۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغاندەك قىلاتتى.

بۇ خىتاي دائىرىلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئامېرىكا ئەلچىخانىسىدىكى ئۇچۇر مەنبەلىرىگە قارىتا ھەرىكەت قوللانمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ: بۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى ئەمەلىيەتتە خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ ئىستىخبارات مۈلۈكلىرى (intelligence asset — ئىستىخبارات پائالىيەتلىرىدە، «ئىستىخبارات مۈلكى» ئىستىخبارات ئورگىنى ياكى ھۆكۈمەتكە ئۇچۇر ياكى ياردەم بېرەلەيدىغان ئادەم ياكى ئورۇننى كۆرسىتىدۇ. ئىستىخبارات ئاپپاراتلىرى بۇ خىل «ئىستىخبارات مۈلۈكلىرى»نى قوبۇل قىلالايدۇ، باشقۇرالايدۇ ۋە ئۇچۇر توپلاش، ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش، ۋەياكى ۋەزىيەتتە تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىشلىتەلەيدۇ. بۇ «مۈلۈك»لەر جاسۇس، ئۇچۇر بەرگۈچى، ئىچكى خادىم ياكى سانلىق مەلۇماتلارنى توپلاپ تەھلىل قىلىدىغان تېخنىكىلىق سىستېمىلار قاتارلىق تۈرلۈك شەكىللەردە بولىدۇ. «ئىستىخبارات مۈلۈكلىرى»نىڭ قىممىتى ئۇلارنىڭ سەزگۈر ئۇچۇرلارغا ئېرىشىش ئىمكانىيىتى، ئىشەنچلىكلىكى ۋە ئىستىخبارات ئاپپاراتىنى پايدىلىق چۈشەنچە بىلەن تەمىنلەش ياكى قوللاش ئىقتىدارىغا باغلىق، ت) ياكى يوشۇرۇن خادىملىرى ئىدى. ھازىرغا قەدەر ھېچكىمنىڭ

دىپلوماتىك ئالاقىچى دەپ ئاتالغانلىقى ئۈچۈن قاتتىق جازاغا ئۇچرىغانلىقى مەلۇم ئەمەس. خىتاي بىخەتەرلىك ئاپپاراتلىرىنىڭ نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ خىل ئالاقىلەر ھېچقانداق زىيان كەلتۈرۈپ چىقارمايلا قالماستىن، ئامېرىكاغا قارشى ھەرىكەت قىلىشنىڭ ئالتۇندەك پۇرستى ئىدى. (8)

بۇ جەھەتتە، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى باش قاتۇرىدىغان تېخمۇ چوڭ مەسلە بار ئىدى. مەزكۇر مىنىستىرلىقنىڭ قارشى جاسۇسلىرى (counterspy ــــ دۈشمەن دۆلەتنىڭ جاسۇسلۇقىغا قارشى جاسۇسلۇق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىخەتەرلىك خادىمى، ت) بۇ مىنىستىرلىقنىڭ تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ تەھدىتلەرنىڭ بىرىنى رەھىمسىزلەرچە يوقىتىش ئالدىدا تۇرۇۋاتاتتى. ئالدى بىلەن، 2012 ـ يىلى «رويتېرس ئاگېنتلىقى»نىڭ خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى لۇ جوڭۋېينىڭ (Lu Zhongwei) ياردەمچىسى «ئامېرىكا مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان» دېگەن گۇمان بىلەن قولغا ئېلىنغان. (9) ئىلگىرى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ قارمىقىدىكى «خىتاي ھازىرقى زامان خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر ئىنستىتۇتى» دېگەن ئاقىللار ئامبىرىنىڭ باشلىقى بولغان، ياپونشۇناس لۇ جوڭۋېيمۇ ۋەزىپىسىدىن توختىتىلغانىدى. ئۇنىڭ ياردەمچىسىنىڭ ئاقىۋىتى نامەلۇم ئىدى. تەتقىقاتچى مۇخبىر زاك دورفماننىڭ (Zach Dorfman) كېيىن ئاشكارىلىغىنىدەك، بۇ پەقەت خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ CIA نىڭ خىتايدىكى ئۇچۇر مەنبەلىرىنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلغان «قانلىق» ھەرىكىتىنىڭ مۇقەددىمىسى ئىدى. بۇ ھەرىكەتتە ئوتتۇزدىن ئارتۇق ئادەمگە ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنغان بولۇپ، بۇلارنىڭ نۇرغۇنى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ ئۆزىنىڭ ئادەملىرى ئىدى. (10) دەرىجىدىن تاشقىرى سەزگۈر بۇ مەخپىي ئالاقىچىلەر ئادەتتە WikiLeaks ئاشكارىلىغان ھۆججەتلەردە كۆرۈنمەيدىغان ئۇچۇر مەنبەلىرى ئىدى. ئامېرىكا مەركىزىي ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ باش شتابقا ئۇچۇر ئەۋەتىدىغان (تېلېگراممىلاردىن باشقا) تېخمۇ بىخەتەر سىستېمىسى بار ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىتاينىڭ كەم دېگەندە ئون ئىككى نەپەر مەخپىي ئىستىخبارات خادىمى ــــ بۇلار پەقەت مەن ئېنىق جەزم قىلالىغانلىرى ــــ ئەلچىخانىنىڭ ئالاقىچىلىرى ئىدى. دىپلوماتلار ئۇلار ھەققىدە يازما يازغاندا ياكى باش ئەلچىلەر ئۇلارنىڭ سۆزلىرى نەقىل قىلىنغان تېلېگراممىلارغا ئىمزا قويغاندا ئۇلارنى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ خادىمى دەپ تونۇمىغانىدى. ۋاشىنگتوندىكى شۇ يازمىلارنى ۋە تېلېگراممىلارنى ئوقۇغان ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ نەزىرىدە، سۆزلىرى نەقىل قىلىنغان بۇ جاسۇسلار خىتاي سىياسىتىگە قارىتا ئادەتتىن تاشقىرى چۈشەنچىگە ئىگە ئاكادېمىكلار ۋە ئاقىللار ئامبىرى مۇتەخەسسىسلىرى ئىدى. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، ئامېرىكا دىپلوماتلىرى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ 11 ـ ئىدارىسىدىكى (سىرتتىكىلەر بۇ ئىدارىنى «خىتاي ھازىرقى زامان خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر ئىنستىتۇتى» دېگەن نام بىلەن بىلىدۇ) بىر

تۈركۈم ئاكادېمىكلارنىڭ سۆزلىرىنى نەقىل قىلغاندا، ئۇلارنىڭ بۇ ئورگان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئاساسەن تىلغا ئالغان.(11)

خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى ئامېرىكا دىپلوماتلىرى بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشتەك ئەڭ ئىشەنچىسىز ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا ئەڭ قابىل خادىملىرىنى تاللىغان. ئۇلار تاللىنىشىغا بىر قانچە ئۆللۈق تەلەپنى ھازىرلىغانلىقى قىسمەن سەۋەب بولغان. بىرىنچىدىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ساداقەتمەن ۋە ئىشەنچلىك پارتىيە ئەزالىرى بولۇشى كېرەك ئىدى، چۈنكى ئۇلار ئامېرىكا جاسۇسلىرىنىڭ ئىندەككە كەلتۈرۈش نىشانى بولۇشى مۇمكىن ئىدى. پاكىتلاردىن مەلۇم بولغىنىدەك، ئۇلار يەنە ئامېرىكا ۋە خىتاينىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتى جەھەتتىكى كەسپىي بىلىمى سەۋەبلىكمۇ تاللانغاندەك قىلىدۇ. ئاخىرىدا، ئۇلاردا چوقۇم ئامېرىكالىقلارنىڭ كاللىسىغا چوڭقۇر ئورناپ كەتكۈدەك يالغان ـ ياۋىداقلارنى توقۇش تەجرىبىسى بولۇشى كېرەك ئىدى.

«خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» تىلغا ئېلىنغان 41 پارچە ئاشكارىلانغان تېلېگراممىنىڭ ئىچىدە، بۇ ئۆلچەملەرنىڭ ھەممىسىگە ماس كېلىدىغان ئۈچ كىشى تولىمۇ گەۋدىلىك بولۇپ، ئۇلار دىڭ كۈيسوڭ (Ding Kuisong)، شۆ فۇكاڭ (Xue Fukang) ۋە ساۋ خۇايىن (Cao Huayin) ئىدى. بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى نىقاب تەشكىلاتىنىڭ پېشقەدەم ئەزالىرى ۋە خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بولۇپ، ئاساسەن مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئىدى.

## دىڭ كۈيسوڭ

«خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى مۇئاۋىن رەئىسى دىڭ كۈيسوڭ ئاكادېمىك يىغىنلارنىڭ دائىملىق ئىشتىراكچىسى ئىدى. خىتاينىڭ تاشقى سىياسىتىنى تەتقىق قىلىدىغان ئەڭ تەجرىبىلىك تەتقىقاتچىلار ئۇنى ياخشى تونۇيتتى. ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىلمىي ئۇنۋانى بار بولۇپ، ھەمىشە جېك بىجىيەن بىلەن بىللىلا يۈرەتتى. بۇ ئىككىيلەن بىر ـ بىرىنى تولۇقلايتتى. جېك بىجىيەن پۈتۈن كەسپىي ھاياتىنى نەزەرىيەۋى بىلىم يېتىلدۈرۈش، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي لىنىيەسىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇلارنى ئىزاھلاشقا سەرپ قىلغانىدى. دىڭ كۈيسوڭ جېك بىجىيەننىڭ ئومۇمىيەت قارىشىنىڭ كۆچىيىشىگە تۈرتكە بولۇپ، ھەم بىخەتەرلىك تەتقىقاتچىسى، ھەم جاسۇس سۈپىتىدە ئۇنى ئەمەلىي بىلىملەر بىلەن تەمىنلىگەنىدى. (12)

دىك كوْيسوڭ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە جەلپكار ئىدى. ئامېرىكانىڭ بىر نەپەر سابىق ئىستىخبارات خادىمى بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «مەن ئۇنى ئانچە ـ مۇنچە ياقتۇرۇپ قالغاندىم، ئۇنىڭ ئېنگلىزچىسى راۋان ئىدى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا زىيالىيلارغا خاس پۇراق بار ئىدى.» (13) دىك كوْيسوڭ كەمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىدا ۋە لوندوندىكى خەلقئارا ئىستراتېگىيەلىك تەتقىقات يۇرتىنىڭ (بۇ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئاقىللار ئامبىرىنىڭ بىرىدۇر) قارمىقىدىكى ئاپپاراتتا زىيارەتچى تەتقىقاتچى بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەزگىلىدە ئەنگلىيە تەلەپپۇزىغا ئادەتلەنگەنىدى. (14)

دىك كوْيسوڭ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىغا قاراشلىق «خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى»نى پۈتتۈرگەن ۋە «خىتاي ھازىرقى زامان خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر ئىنستىتۇتى»دا 15 يىل خىزمەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ نەشر قىلىنغان ئەسەرلىرى خېلى كۆپ. بەزىلەر «خىتاي ھازىرقى زامان خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر ئىنستىتۇتى»نىڭ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى بىلەن بولغان باغلىنىشىنى تۆۋەن مۆلچەرلىشىدۇ، ئەمما ئۇ ئەمەلىيەتتە خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ رەسمىي تارمىقىدۇر. ئۇنىڭ تەخمىنەن 400 نەپەر تەھلىلچىسى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنى ۋە خىتاي رەھبەرلىرىنى ئىستىخبارات دوكلاتلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ. گەرچە بۇ ئىنستىتۇتنىڭ نۇرغۇن ئاكادېمىكلىرى ـــ شۇلارنىڭ بىرى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىدارىسى»نىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتىگەن ـــ ھەرخىل ئەمەلىي ۋەزىپىلەرنى نۆۋەتلىشىپ ئۆتەيدىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئىنستىتۇتنىڭ ئىستىخبارات توپلاش جەھەتتىكى رولى كەمدىن كەم تونۇپ يېتىلدى. دىك كوْيسوڭ بۇنىڭ مىساللىرىدىن بىرىدۇر. (15)

دىك كوْيسوڭ «خىتاي ھازىرقى زامان خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر ئىنستىتۇتى»دا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ۋە ئامېرىكا تەتقىقاتىغا رەھبەرلىك قىلغانلىقى بىلەن تونۇلغان، ئەمما ئۇ رەسمىي تەشكىلىي جەدۋەلدە كۆرگىلى بولمايدىغان تارماقتىمۇ ئىشلەپ باققان. ئىسمى ۋە بۇرچىدىن قارىغاندا، «خىتاي ھازىرقى زامان خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر ئىنستىتۇتى»نىڭ «دۇنياۋى داڭلىق ئەربابلار تەتقىقات مەركىزى» خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئىدارىسىگە ئوخشاشلا، تەسىردار شەخسلەرگە قارىتا ئەتراپلىق ماتېرىيال توپلاش ۋە تەھلىل قىلىش ئەنئەنىسىدىن مەنبەلەنگەندەك قىلىدۇ. (16) بۇ مەركەزنىڭ مەڭلىغان خەلقئارالىق «پىكرىي رەھبەرلەر» ھەققىدە تەرجىمىھال ئۇچۇرى بىلەن تەمىنلىگىنىدىن باشقا، بۇ ئاپپارات توغرىلىق ھېچقانچە مەلۇمات يوق. بىلىشىمىزچە، ئۇنىڭ تەتقىقاتى بىلەن ئەمەلىي ئىستىخبارات مەشغۇلاتى ئوتتۇرىسىدا زىچ باغلىنىش بار. بۇ مەركەز ماتېرىيالىنى توپلىغان كىشىلەرنىڭ نۇرغۇنى «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»غا ئوخشاش خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ نىقاب تەشكىلاتلىرىنىڭ «نەزىرى»گە ئىلىنغانىدى. ھەتتا، بۇ مەركەزنىڭ تەرجىمىھال توپلاملىرىدىن بىرى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ كونتروللۇقىدىكى ژۇرنال بىلەن ھەمكارلىشىپ يېزىلغانىدى. (17) دىك كوْيسوڭنىڭ «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ تور بېتىدىكى رەسمىي تەرجىمىھالىدا ئۇنىڭ

«دۇنياۋى داڭلىق ئەربابلار تەتقىقات مەركىزى»نىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسى تىلغا ئېلىنمىغان، ئەلۋەتتە. (18)

دىڭ كۈيسوڭ 2000 ـ يىلى چوقۇم يۈكسەك تەۋسىيەلەر بىلەن ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئىدارىسىگە كەلگەن. ئۇنىڭ «ختاي ھازىرقى زامان خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر ئىنستىتۇتى»دىكى ئەڭ ئاخىرقى خىزمىتى ختاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ ياپونىيەگە ئالاقىدار ئىشلارغا مەسئۇل تېيەنجىن ئىدارىسىگە «جوڭ ۋېي» دېگەن يالغان ئىسىم بىلەن مەسئۇل بولغان لۇ جوڭۋېينىڭ ياردەمچىسى بولۇش بولۇپ، لۇ جوڭۋېي كېيىن مۇئاۋىن مىنىستىرلىققا ئۆستۈرۈلۈپ، بېيجىڭغا قايتىپ كەلگەن. (19) بۇ كەچمىش ۋە دىڭ كۈيسوڭنىڭ «ختاي ئىسلاھات مۇنبىرى»دىكى يۇقىرى ئورنى ئۇنىڭ ھازىر ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. (20)

بۇ قېتىملىق ئۆستۈرۈلۈش دىڭ كۈيسوڭنىڭ قىلمىشلىرىدا ئىپادىلەنمەي قالمىدى، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەن ئامېرىكالىق بىر تەتقىقاتچى بۇ ھەقتە شۇنداق دەيدۇ: «(بۇ چاغدا) ئۇنىڭدا ھەقىقىي تەكەببۇرلۇق ۋە ئۆزىنى چوڭ چاغلاش تۈيغۇسى بار بولۇپ، گويا ئۇ تولىمۇ مۇھىم بىر مەنسەپكە ئېرىشكەندەك قىلاتتى. دىڭ كۈيسوڭ ئىزچىل ماڭا ئىستىخبارات ساھەسىنىڭ ئادىمىدەك تۇيغۇ بېرەتتى.» (21) ئۇنىڭ جەلپكارلىقىغا ئېھتىياتچان تۇتۇم قوشۇلغان بولۇپ، بۇ ئىستىخبارات ساھەسىگە چېتىشلىق كىشىلەردە بولىدىغان ئېھتىياتچانلىق ئىدى. ئۇ «ختاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ خىزمەتچىلىرى ئارىسىدا ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەنىدى. مەزكۇر ئامېرىكالىق تەتقىقاتچىنىڭ قارىشىچە، ئۇنىڭ چەتئەللىك تەتقىقاتچىلار بىلەن بولغان ئالاقىسى تەڭداشسىز بولۇپ، «چۈنكى ئۇ <ختاي ھازىرقى زامان خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر ئىنستىتۇتى>دىن كەلگەن ۋە نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن ئۇچراشقانىدى.»

گويا دىڭ كۈيسوڭنىڭ ختاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ ئەمەلدارلىق سالاھىيىتى تازا ئېنىق بولمىغاندەك، ئۇ «ختاي ئىسلاھات مۇنبىرى»دە ئىشلەۋاتقاندا، ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ يەنە بىر نىقاب تەشكىلاتى بولغان «ختاي ئۇنىۋېرسىتېتلىرى مەكتەپداشلار ئۇيۇشمىسى»نىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆتىگەن ھەمدە مەزكۇر ئۇيۇشمىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، تەيۋەنگە زىيارەتكە بارغان. (22) ئالاھەزەل 2011 ـ يىلى، دىڭ كۈيسوڭ «ختاي ئىسلاھات مۇنبىرى»دىن سوروسنىڭ «ختاي فوندى»نى ئۆتكۈزۈۋېلىش قاتارلىق ھەركەتلەرگە رەھبەرلىك قىلغان ختاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ نىقاب تەشكىلاتى بولمىش «ختاي خەلقئارالىق كۆلتۈر ئالماشتۇرۇش مەركىزى»گە رەھبەرلىك قىلىشقا باشلىغان. (23)

دىڭ كۈيسوڭ «ختاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ ئەڭ ئۇنۇمدار جاسۇسلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، چەتئەل دىپلوماتلىرى ۋە تەتقىقاتچىلىرى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا مۇۋەپپەق بولغانىدى.

خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 2009 ـ يىلىدىكى يىغىنىغا ئالاقىدار تەييارلىقلار ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئۇچۇر مەنبەلىرىدىن مەسلىھەت سورىغان ئامېرىكا دىپلوماتلىرى دىك كۆيىسوڭنى بۇ جەھەتتە ئەڭ ياخشى نامزات دەپ قارىغاندەك قىلاتتى. 2009 ـ يىلى 9 ـ ئايدىكى بىر تېلېگراممىدا ئۇ «پارتىيەنىڭ ئىچكى مۇزاكىرىسىگە قاتنىشىشقا ھوقۇقلۇق» ۋە «پارتىيەنىڭ نۆۋەتتىكى مۇھىم كۆنتەرتىپلىرىنى مۇزاكىرە قىلالايدىغان» كىشى دەپ تەسۋىرلەنگەن. دىك كۆيىسوڭ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ۋاقتىنى توغرا مۆلچەرلىگەن ھەمدە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە يىغىندىن ئىلگىرى ئالاقىدار يىپ ئۇچىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئەينى ۋاقىتتىكى بولغۇسى خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ پات ئارىدا سۆزلەيدىغان نۇتقىغا دىققەت قىلىشنى جېكىلىگەن. ئۇلار دىك كۆيىسوڭنىڭ جاسۇسلارنىڭ تەبىرىدە «توخۇ يېمى» دەپ ئاتىلىدىغان ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. «توخۇ يېمى» كىشىنىڭ ئۇچۇر مەنبەسى ۋە «ئىچكى قىسمىدىكى زات»لىق سۈپىتىدىكى ئىناۋىتىنى ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلغان راست، ئەمما ئەھمىيەتسىز ئۇچۇرلارنى كۆرسىتىدۇ. (24)

شۇ يىلىدىكى يەنە بىر تېلېگراممىدا دىك كۆيىسوڭنىڭ «توخۇ يېمى»نىڭ ياردىمىدە ئوتتۇرىغا چىققان كاززابلىقىنىڭ مىساللىرىدىن بىرىدۇر. بۇ قېتىم ئامېرىكا دىپلوماتلىرى يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان تيەنئەنمېن قىرغىنچىلىقىنىڭ يىگىرمە يىللىقى ھەققىدە ئۇچۇرغا ئېرىشمەكچى بولغانىدى. بەلكىم ئۇلار جاۋابىنى بىلىشكە ئەڭ تەشنا بولغان سوئال «خىتاي كومپارتىيەسى يېقىن كەچمىشىدىكى ئەڭ زۇلمەتلىك بۇ پەيتنى (يەنى تيەنئەنمېن قىرغىنچىلىقىنى) قاچان مۇزاكىرە قىلىدۇ؟» بولغان بولۇشى مۇمكىن. دىك كۆيىسوڭ ئۇلارنىڭ تەشنالىقىنى ئەپچىللىك بىلەن قاندۇرۇپ، ئەينى ۋاقىتتا تەختتىن غۇلىتىلغان سابىق پارتىيە رەھبىرى جاۋ زىياڭنى ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش ئۈچۈن «زور تۆھپە قوشقان ياخشى ئادەم» دەپ تەسۋىرلىگەن. بۇ دىپلوماتلار ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىگە، دۆلەت بىخەتەرلىك كېڭىشىگە ۋە مەركىزىي ئىستىخبارات ئىدارىسىگە مەكتۇپ يوللاپ، دىك كۆيىسوڭنىڭ سۆزلىرىنى «پارتىيە ئىچىدە ھېلىھەم ئاغدۇرۇلغان باش سېكرېتار جاۋ زىياڭنى قوللايدىغانلار بارلىقىنىڭ ئىپادىسى» دەپ شەرھلىگەن. (25) ئەگەر ئەينى چاغدا ئەھۋال راستلا شۇنداق ئىدى دېگەن تەقدىردىمۇ، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ھەقتە ھېچقانداق ئالامەت كۆرۈلمىگەن.

دىك كۆيىسوڭ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ھامان بىر كۈنى پارتىيەنىڭ 1989 ـ يىلىدىكى قانلىق ۋەقە ھەمدە شۇ يىلىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى ئىسلاھاتچىلارغا كۆرسەتكەن تېخىمۇ كەڭ سىياسىي تەسىرى ھەققىدە ئويلىنىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرگەندەك قىلاتتى. دىك كۆيىسوڭ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئەمدى ئىسلاھات يولىنى بېكىتكەنلىكىنى ـــ بۇ تولىمۇ مۇجمەل ۋەدە ئىدى ـــ بىلدۈرۈپ، بۇنىڭ ئىقتىسادىي لىبېراللىششىنىڭ، ھەتتا دېموكراتىك ئىسلاھاتنىڭ «بىردىنبىر چىقىش يولى» ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

دىڭ كۇيسوڭ «‹ختاي ئىسلاھات مۇنبىرى› پارتىيە ئىچىدىكى لىبېراللار پىرقىسى بىلەن باغلىنىشلىق» دېگەن (ئاساسسىز) قاراشنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، ئامېرىكالىق ماقامداشلىرىنى ختايدىكى قاتتىق قوللار شەكىللەندۇرگەن تەھدىتتىن ئاگاھلاندۇرغان. تېلېگراممىدا كۆرسىتىلىشىچە، دىڭ كۇيسوڭ «يېڭى سولچىلار»غا ئوخشاش ختايدىكى «ئاز سانلىق»لارنىڭ «يۆنىلىشنى ئۆزگەرتىش»كە ئۇرۇنۇشىدىن ئەنسىرەيدىغانلىقىنى بىلدۇرگەن. (26) بۇ بەلكىم دىڭ كۇيسوڭنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ «قوغدىلىدىغان» ئۇچۇر مەنبەسى بولغانلىقى سەۋەبلىك «ۋەتەن خائىنى» دەپ ئاتايدىغانلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن ئىدى. «يېڭى سولچىلار» مىللەتچىلىك، ماۋ زېدوڭىزىم ۋە سوتسىيالىزمغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بولۇپ، يېڭى لىبېرالىزمغا ۋە غەربكە قارشى ئىدى. (27) بۇ پىكىرلەر شى جىنپىڭنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى ختاينى تەبىرلەشكە بارغانسېرى ماس كېلىپ قېلىۋاتاتتى.

## شۆ فۇكاڭ

ئامېرىكا دىپلوماتلىرى تېلېگراممىدا يېزىشتا ئوخشاشلا «ختاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان شۆ فۇكاڭدىنمۇ ياردەم تەلەپ قىلغان. شۆ فۇكاڭ دىڭ كۇيسوڭدىن تەجرىبىسى مول، بەلكىم تېخىمۇ ئېھتىياتچان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئىككىسى بىر قېلىپتىن چىققانلار ئىدى. ئۇ ختاي كومپارتىيەسىنىڭ «ھامىنى تيەنئەنمېن مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىنى، ئەمما بۇنىڭغا ۋاقىت كېتىدىغانلىقى»نى تەكىتلىگەن. شۆ فۇكاڭ «پاندورا قۇتىسى» دەپ ئاتىغان تيەنئەنمېن ۋەقەسىنى پەقەت ختاي مۇقىملاشقاندىلا ئاندىن «ئېچىش»قا بولاتتى. ھالبۇكى، جېڭ بىجيەننىڭ نەزەرىيەسىگە كۆرە، «ختاينىڭ مۇقىملىقى»غا كاپالەتلىك قىلىش مەسئۇلىيىتى ئامېرىكانىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەندى. (28)

يەنە بىر تېلېگراممىدا كۆرسىتىلىشىچە، شۆ فۇكاڭ تەيۋەن مەسىلىسىدىمۇ ئوخشاش تاكتىكىنى سىناق قىلغان. ئۇ 2008-يىلى 10-ئاي بولۇپ، ئەينى چاغدا ئامېرىكا ئەمدىلا تەيۋەنگە قورال ساتىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغانىدى. ختاي بۇنىڭغا ئەنئەنىۋى دىپلوماتىك ئېتىراز بىلەن ئىنكاس قايتۇردى ھەمدە ئامېرىكا بىلەن بولغان ھەربىي ئالاقىنى ۋاقىتىنچە توختاتتى ۋە بۇ سوغۇقچىلىق كېلەركى يىلى 2-ئايغىچە داۋاملاشتى. (29) شۆ فۇكاڭ ئامېرىكا دىپلوماتلىرى بىلەن پاراڭلاشقاندا، ختاينىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىنكاسىنىڭ ۋەزنىنى تۆۋەن كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇپ، بۇنىڭ ختاي خەلقىنىڭ مىللەتچىلىك كەيپىياتىنى نەزەردە تۇتقان «ئىناۋەتنى ساقلاپ قېلىش» تەدبىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. ئۇ ختاينىڭ ئىنكاسىنىڭ مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى، ھازىر ئامېرىكانىڭ تەيۋەن بىلەن بولغان سودىغا

مەلۇم شەكىلدە باج قويۇش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ خىتاينى دۈشمەن دەپ قارىمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ ھەتتا ئامېرىكانىڭ سەزگۈر تېخنىكىلارنى (بۇ دەل خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى ۋە خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى ئوغرىلىماقچى بولۇۋاتقان تېخنىكىلاردۇر) خىتايغا ئېكسپورت قىلىشقا بولغان چەكلىمىلەرنى بىكار قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ياخشى نىيىتىنى نامايەن قىلالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. پېشقەدەم ئىستىخبارات خادىمى بولمىش شۆ فۇكاڭ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ چېكىدىن ئاشقان قايتۇرما ھۇجۇملىرىنى يوللۇقلاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، «خىتاينىڭ تىنچ قەد كۆتۈرۈشى»دىكى مەسئۇلىيەتنى ئامېرىكانىڭ زىممىسىگە ئارتىشقا ئۇرۇنغان.

شۆ فۇكاڭ شۇ يىلى ئىستىخبارات ساھەسىدىن پېنسىيەگە چىققان بولۇشى مۇمكىن بولۇپ، ئۇ 1964-يىلى «خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى»دا ئېنگلىز تىلى كەسپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىنلا ئىستىخبارات ساھەسىدە خىزمەت قىلىشقا باشلىغانىدى. كۆپىنچە خىتاي جاسۇسلىرىغا ئوخشاشلا، ئۇنىڭ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى كەچمىشلىرىمۇ تامامەن نامەلۇم ئىدى. 1980-يىلى ئۇ «گۇاڭمىڭ كۈندىلىك گېزىتى»نىڭ ۋاشىڭتوندىكى تۇنجى مۇخبىرى سۈپىتىدە قايتىدىن پەيدا بولغان، ئۇ بۇگۈنمۇ ھېلىھەم خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى ئەڭ ياقتۇرىدىغان گېزىتتۇر. ئوقۇغۇچىلار تيەنئەنمېن مەيدانىدا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەندە، شۆ فۇكاڭ يەنە مۇخبىر سىياقىدا كانبېرراغا يېتىپ كەلگەن. ئۇ ئاۋستىرالىيەدە ئالتە يىل تۇرغاندىن كېيىن، 1997-يىلى ۋاشىڭتونغا قايتىپ، چەتئەلدىكى ئەڭ ئاخىرقى ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغان. بۇ جەرياندا، مەلۇم بىر سابىق چەتئەل ئىستىخباراتى خادىمى ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتە «خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ ئامېرىكادىكى ۋەكىلى» ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. (30) ئۇنىڭ مەركىزىي ئىستىخبارات ئىدارىسى تەرىپىدىن بىلىنگەن، ئەمما ئاشكارىلانمىغان ئىستىخبارات خادىمى ئىكەنلىكى ئۇنىڭ پرېزىدېنت كلىنتوننى زىيارەت قىلىشنى توسۇپ قالالمىغان. (31) ياكى بۇ ئۇنىڭ ئامېرىكا دىپلوماتلىرى بىلەن باردى-كەلدى قىلغاندا، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ تەتقىقاتچىسى سىياقىغا كىرىۋېلىشىنىمۇ توسۇپ قالالمىغان.

## ساۋ خۇاين

خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ ئۈچ ئەمەلدارىنىڭ ئەڭ كىچىكى بولۇشى مۇمكىن بولغان «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ساۋ خۇاين ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئامېرىكا ئەلچىخانىسىنىڭ ئەڭ يېقىن ئالاقىچىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، 2006-يىلدىن 2009-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى 14 تېلېگراممىدا ئۇنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغان. ئۇ مۇنەۋۋەر تەرجىمان بولۇپ،

خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ نىقاب تەشكىلاتى بولغان «خىتاي خەلقئارالىق كۇلتۇر ئالماشتۇرۇش مەركىزى»دە ئىنگلىزچە تەرجىمان بولۇپ ئىشلىگەن. (32) جېفرېي ت. رىچېلسوننىڭ (Jeffrey T. Richelson) مەركىزىي ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ پەن ـ تېخنىكا پروگراممىلىرى تەسۋىرلەنگەن «The Wizards of Langley» دېگەن كىتابىنىڭ خىتايچە نۇسخىسى ئۇ تەرجىمە قىلغان بىر قانچە نەشر بۇيۇملىرىنىڭ بىرىدۇر. (33) ئامېرىكا دىپلوماتلىرىنىڭ نەزىرىدە، ساۋ خۇايىننىڭ «ئالاقە دائىرىسى كەڭ» ئىدى ھەمدە پارتىيە ئىشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر قانداق تېمىنى مۇزاكىرە قىلىشنى خالايتتى. (34) بىر پارچە تېلېگراممىدا، خىتاينىڭ «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مۇزاكىرىلەرنى <ئوچۇق ـ ئاشكارا> ئېلىپ بارىدۇ» دېگەن رەسمىي بايانىغا زىت ھالدا، ساۋ خۇايىن ھەرخىل بەس ـ مۇنازىرىلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە يېپىق ھالەتتە ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتقان. (35)

دىپلوماتلار دائىم شىمالىي كورېيە ۋە تەيۋەن مەسىلىسى ھەققىدە ئۇنىڭدىن مەسلىھەت ئالاتتى. «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ شىمالىي كورېيە بىلەن بەزى باردى ـ كەلدىلىرى بار بولۇپ، ھەتتا بۇ مۇنبەر كىم ئېرىسىن ۋاپات بولغانلىقىنىڭ ئون يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن شىمالىي كورېيەنىڭ بېيجىڭدىكى باش ئەلچىخانىسىغا گۈل تەقدىم قىلغاندى. ساۋ خۇايىن ئۆزىنىڭ خىتاي ـ شىمالىي كورېيە مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت سەزگۈر مەسىلە توغرىسىدىكى كۆز قارىشىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇشنى خالايتتى. شۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى، ساۋ خۇايىن شىمالىي كورېيەنىڭ يادرو قورال ئامبىرىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن زىيارەتچى تەتقىقاتچى سۈپىتىدە ئامېرىكادىكى ستەنفورد ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا بارغانىدى. (36) «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ نامى ئاستىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ يەنە بىر تەتقىقاتچى جاسۇسى ( ـ scholar spy) لى پېيسوڭ (Li PeiSong) 2006 ـ يىلى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ زىيارەتچى تەتقىقاتچىسى ئىدى. (37)

خىتاي بۇ مەسىلىنىڭ سەزگۈرلۈكىنى تونۇپ يېتىپ، بىخەتەرلىك ئورگانلىرىنىڭ ئىشەنچلىك ئىستىخبارات مەلۇكىلىرىنى ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ شىمالىي كورېيەگە بولغان كۆز قارىشىنى ۋاشىڭتونغا يەتكۈزۈشكە ئۇرۇنغان. بۇ تېلېگراممىلارنىڭ بىرىدە خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ بىر ئەمەس، ئىككى نەپەر گۇمانلىق ئەمەلدارى، شۇنداقلا «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» بىلەن قويۇق مۇناسىۋىتى بار بىر تەتقىقاتچىنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغان. (38) پەۋقۇلئاددە بىر ئىش شۇكى، ئامېرىكا ئەلچىخانىسىنىڭ ساۋ خۇايىننىڭ شىمالىي كورېيەنىڭ يادرو سىنىقى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر ئىككى تېلېگراممىسى نوقۇل ھالدا «مەخپىي» ئەمەس، «قاتتىق مەخپىي» دەپ تۈرگە ئايرىلغان. تەيۋەن مەسىلىسىدە، ساۋ خۇايىن ئامېرىكانى خىتاينىڭ «ئورتاق دۈشمىنى» بولغان تەيۋەن دېموكراتىك تەرەققىيات پارتىيەسىنىڭ رەئىسى چېن شۈيبيەننى چەكلەشكە ياردەم بېرىشكە ئۈندىگەن. (39)

## كەسپىي خادىملار

دىڭ كويسوڭ، شۆ فۇكاڭ ۋە ساۋ خۋايىن مەشغۇلات قاتلىمىدا (working level) ھەرىكەتلەرگە رەھبەرلىك قىلىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كەڭ ئالاقە تورى ئورناتسا، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك بىر قانچە رەھبىرىمۇ ئۆزىنى كۆرسىتىشكە باشلىغانىدى. خىتاينىڭ جاسۇس باشقۇرغۇچىلىرى (Agent handler ـــ ئىستىخبارات ئورگىنىغا ۋاكالىتەن ئىستىخبارات مۇلۇكلىرىنى ياكى مەشغۇلاتچىلىرىنى باشقۇرۇش ۋە يېتەكلەشكە مەسئۇل شەخسنى كۆرسىتىدۇ، ت) ئۆزۈڭدىن بۇيان ستاۋ ۋە ئىجتىمائىي ئورۇن جەھەتتە ئۆزلىرى نىشانلىغان كىشىلەرگە ماسلىشىش ياكى شۇلاردىن ئېشىپ كېتىشكە ئۆرۈنۈپ كەلدى. ئالايلۇق، ئەگەر سىز بىر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئالاھىدە تەكلىپلىك پروفېسسورىنى ئىندەككە كەلتۈرمەكچى بولسىڭىز، ئۇنىڭ بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشقا ئەڭ ياخشىسى بىر ئىدارىنىڭ باشلىقىنى باشلىتۇرۇشىڭىز؛ ئەگەر دوتسېنتنى ئىندەككە كەلتۈرمەكچى بولسىڭىز، بۆلۈم باشلىقىنى ئورۇنلاشتۇرۇشىڭىز كېرەك. (40)

نەتىجىدە، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ سەرخىللارغا تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى ـــ خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭكىگە ئوخشاشلا ـــ ئادەتتە خىزمەت ئۈستىلىدىن ئايرىلمايدۇ دەپ قارىلىدىغان ئىنتايىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلالايتتى. بۇ ھەرىكەتلەر شۇ قەدەر سەزگۈر ئىدىكى، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ باش شتابى بۇ ھەرىكەتلەرگە ئۆزى بىۋاستە باشلامچىلىق قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى، بۇنىڭدىن باشقا ھەرىكەتلەر بولسا ئادەتتە شاڭخەي ۋە گۇاڭدوڭدىكى ئۆلكە دەرىجىلىك تارماقلارغا تاپشۇرۇلاتتى. بىراۋغا چەتئەللىكلەر بىلەن پارتىيە مەركىزى ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچى بولۇش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغان بولسا، بۇ ۋەزىپىنى لايىقىدا ئادا قىلىش پەۋقۇلئاددە زۆرۈر ئىدى.

بۇ 2000 ـ يىللاردا خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ چەتئەل ئىستىخباراتى جەھەتتىكى قارا نىيىتىنىڭ كۆچەيگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى ۋە بۇ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ تۆرلۈك يالغان ئىسىملار بىلەن نىقاب تەشكىلاتلاردا ئۆزىنى كۆرسىتىشكە باشلىشىغا سەۋەب بولغانىدى. غەربنىڭ ئىستىخبارات ئورگانلىرىدا، بۇنداق يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئەزەلدىن ئەمەلىي ھەرىكەتلەرگە بىۋاستە قاتناشمايدۇ. چۈنكى، بۇنداق قىلىش خەتەرلىك، ھاجەتسىز ۋە نامۇۋاپىقتۇر. كىشىنىڭ ئەمەلى ئۆسكەنسېرى، ئۇنىڭ رولى بارغانسېرى (ئەمەلىي مەشغۇلات بىلەن ئەمەس) «باشقۇرۇش» بىلەن چەكلىنىدىغان بولىدۇ. ئەمما خىتايدا دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ پېنسىيەگە چىققان مۇئاۋىن مىنىستىرلىرىمۇ مەزكۇر مىنىستىرلىق

ئېھتىياجلىق بولغاندا ياردەم بېرەلەش ۋە چەتئەلدىكى ئالاقىلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ساختا سالاھىيىتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

شۇڭا خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ يېڭى بىر ئەۋلادتىكى رەھبەرلىرى بۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا ھوقۇقنى قولغا ئالغاندا، ئۇلار «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» قاتارلىق نىقاب تەشكىلاتلارغا بەس-بەستە قاتنىشىشقاندى. بۇ بىر ئەۋلاد رەھبەرلەر «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دىن كېيىن ئىستىخبارات ساھەسىگە قەدەم قويغان بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ دېڭ شياۋپىڭنىڭ «ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش» دەۋرىنىڭ دەسلىپىدە ئىستىخبارات خىزمىتىنى باشلىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇلار خىتاي كومپارتىيەسى تەستىقلىغان يەر شارىلىشىش ۋە كاپىتالىزمنىڭ زىددىيىتىدىن ۋۇجۇدقا چىققان بىر ئەۋلاد كىشىلەر ئىدى، ئەمما ئۇلار غەربنىڭ ئىدىيەسىنى ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكى قاتتىق قول، مۇتەئەسسىپ رەھبەرلەرگە قارىغاندا بەكرەك ياخشى كۆرىدىغاندەك قىلاتتى. چىرىكلىك ۋە قوش تەرەپلىك جاسۇسلۇق قاتتىق ئەۋج ئالغان بولسىمۇ، خىتاينىڭ غەرب بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە ھەمكارلىقىنىڭ كۆنسېرى كۆچىيىشى بۇ ئورگاننىڭ چەتئەل ئىستىخباراتى ھەرىكىتى ئۈچۈن تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز پۇرسەتلەرنى ياراتقانىدى.

گېڭ خۈيچاڭ (耿惠昌) مۇشۇ يېڭى رەھبەرلەرنىڭ تۇنجىسى ئىدى. گېڭ خۈيچاڭ 1990-يىللارنىڭ بېشىدا خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ قارمىقىدىكى «خىتاي ھازىرقى زامان خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر ئىنستىتۇتى» (CICIR) دېگەن ئاقىللار ئامبىرىغا مەسئۇل بولغان بولۇپ، بۇ ئۇنىڭغا چەتئەللىك تەتقىقاتچىلار بىلەن كەڭ كۆلەمدە ئۇچرىشىش پۇرستى ئاتا قىلغانىدى. ئۇ مەخسۇس ئامېرىكا، ياپونىيە ۋە سانائەت جاسۇسلۇقى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغانىدى. ئەمما، ئۇ شۇنىڭدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا غايىب بولغان. ئاندىن، 1995-يىلى 5-ئايدا، 44 يېشىدا مەخپىي ھالدا خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى بولۇپ تەيىنلەنگەن. بۇ چاغدا، مەزكۇر ئورگاننىڭ سوغۇق ئۇرۇش دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەن ئەڭ ئاخىرقى بىر ئەۋلاد «ئەپسانىۋى» ئەربابلىرى پېنسىيەگە چىقىشقا باشلىغانىدى. 2007-يىلى، گېڭ خۈيچاڭ بۇ ئورگاننىڭ ئەڭ يۇقىرى ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى، يەنى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى بولدى. (41)

گېڭ خۈيچاڭنىڭ ۋە «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ باش كۆتۈرۈشى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ دىققەت مەركىزىدىكى غايەت زور بۇرۇلۇشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ مەزكۇر مىنىستىرلىققا تۇنجى قېتىم ياللانما سىياسەتچى (political hack) ياكى ئىچكى بىخەتەرلىك مۇتەخەسسىسىنىڭ ئەمەس، بەلكى چەتئەل ئىستىخباراتى مۇتەخەسسىسىنىڭ مەسئۇل بولۇشى ئىدى. مەزكۇر مىنىستىرلىقنىڭ ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى رەھبەرلىرى گۇمانلىق جاسۇسلارنى تۇتۇش ۋە خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش بىلەن ئالدىراش ئىدى، ئەمما ئەمدى

خىتاي كومپارتىيەسىگە بۇ مىنىستىرلىقنىڭ ئىملەرنى قىلالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويىدىغان پەيت يېتىپ كەلگەنىدى.

گېڭ خۈيچاڭ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىگە ئالاقىدار پائالىيەتلىرىگە يېقىندىن ئىشتىراك قىلغانىدى. ئۇ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ رەھبىرى سۈپىتىدە جامائەتچىلىكنىڭ نەزىرىدىن غايىب بولغاندىن كېيىن، بىر نەچچە نىقاب تەشكىلاتتا قايتىدىن پەيدا بولدى. ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ نىقاب تەشكىلاتى «خىتاي خەلقئارالىق كۇلتۇر ئالماشتۇرۇش مەركىزى»نىڭ 1999 ـ يىلىدىكى يىغىنىدىكى سۆرەتلەردە مۇئاۋىن مىنىستىر گېڭ خۈيچاڭمۇ بار بولۇپ، سۈرەتتىن ئۇنىڭ سېمىز يۈزى ۋە يوغان يۇمىلاق كۆزئەينىكىنى ئاسانلا تونۇۋالغىلى بولاتتى. (42) گېڭ خۈيچاڭ رەسمىي سالاھىيەت جەھەتتە خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا قاراشلىق بولغان، ئەمما خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ خادىملىرى تەرىپىدىن مەخپىي باشقۇرۇلىدىغان «خىتاي خەلقئارا ئاممىۋى مۇناسىۋەت جەمئىيىتى»نىڭمۇ مۇئاۋىن رەئىسى ئىدى. (43)

گېڭ خۈيچاڭنىڭ «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» بىلەن ئاشكارا مۇناسىۋىتى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ چەتئەلدىكى ھەرىكەتلەرگە ئەھمىيەت بېرىشىنىڭ «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نى كۆچەيتكەنلىكى شەكسىز. گېڭ خۈيچاڭنىڭ نوپۇزى ۋە كونترولى بەلكىم خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»دە پائالىيەت قىلىۋاتقان نۇرغۇن خادىملىرى ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلغان بولۇشى مۇمكىن. گېڭ خۈيچاڭ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىغا مىنىستىر بولغان چاغنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، تاۋ يىجياڭ (Tao Yijiang) بىلەن سۈن جىخەي (Sun Zhihai) «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولدى. (44) سۈن جىخەينىڭ رەسمىي سالاھىيىتى يەنىلا بۇ مۇنبەرنىڭ ئىجرائىيە مۇئاۋىن رەئىسى ئىدى. (45) بۇ ئىككىلىسى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنىڭ رەھبىرى ئىدى.

تاۋ يىجياڭ بىلەن سۈن جىخەي توغرىسىدا باشقا ساھەلەرگە ئائىت تەكرار نەقىللەردىن باشقا ھېچقانچە ئۇچۇر تاپقىلى بولمايدۇ. «خىتاي خەلقئارالىق كۇلتۇر ئالماشتۇرۇش مەركىزى»نىڭ خاتىرىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، سۈن جىخەي «خىتاي كۇلتۇرەل ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى»نىڭ مەسلىھەتچىسى بولۇپ، بۇمۇ ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ يەنە بىر نىقاب تەشكىلاتىدۇر. (46) سۈن جىخەي يەنە «خىتاي خەلقئارا ئاممىۋى مۇناسىۋەت جەمئىيىتى»نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ، مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ ماتېرىيالىدا سۈن جىخەي خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ «ئاسىيا ـ ئافرىقا تەرەققىيات تەتقىقات يۇرتى»نىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، دەپ كۆرسىتىلگەن. (47) قىزىقارلىق يېرى شۇكى، بۇ خىل باغلىنىشلار ئۇنىڭ چەتئەل ئىستىخباراتى ھەرىكەتلىرى بىلەن ئالاقىسى بارلىقىدىن باشقا ھېچقانچە ئۇچۇر بېرەلمەيتتى.

بۇ ئىش قەستەن شۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلغاندى: «تاۋ يىجياڭ» ۋە «سۈن جىخەي» يالغان ئىسىملار ئىدى. بۇ ئىستىخبارات خادىملىرىغا ئىسمى ئوخشىشىپ كېتىدىغان تاۋ داۋېي (Tao Dawei) بىلەن سۈن يوڭخەي (Sun Yonghai) خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئالىي بىرلىكسەپ مەجلىس ئاپپاراتى بولمىش خىتاي خەلق سىياسى مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ۋەكىلىدۇر. تاۋ داۋېينىڭ ئارخىپى ھەققىي ئەھۋالنى ئوتتۇرىغا چىقارغان بولۇپ، گەرچە «خىتاي خەلقئارالىق كۈلتۈر ئالماشتۇرۇش مەركىزى»نىڭ تور بېتىدىكى مۇئاۋىن رەئىسلەرنىڭ ئارىسىدا پەقەت «تاۋ يىجياڭ» دېگەن ئىسىملا بار بولسىمۇ، ئەمما تاۋ داۋېينىڭ ئارخىپىدىمۇ ئۇ «خىتاي خەلقئارالىق كۈلتۈر ئالماشتۇرۇش مەركىزى»نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دېيىلگەن. (دېمەك بۇ ئىككىسى شەكسىز بىر ئادەم، ت) (48) سۈن يوڭخەينىڭ ئارخىپى تېخىمۇ كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان بولۇپ، ئۇ ئۆز ئارخىپىدا خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى دېيىلگەن. (49) بەزى خەۋەرلەردە سۈن يوڭخەي خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ بەشىنچى باشقارمىسىغا مەسئۇل دېيىلگەن بولۇپ، مەزكۇر باشقارما ئىستىخباراتلارنى تەھلىل قىلىشقا ۋە بۇ مىنىستىرلىقنىڭ يەرلىك تارماقلىرى بىلەن ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلىشقا مەسئۇل ئىدى. (50)

«تاۋ داۋېي» دېگەن بۇ ئىسىمدىن نۇرغۇن ئۇچۇرلارغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. ھازىر پېنسىيەگە چىققان تاۋ داۋېي خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىدا تولىمۇ ئۇزۇن يىل خىزمەت قىلغانىدى. ئۇ 1990 ـ يىللاردا پارتىيەنىڭ «چەتئەلدىكى بىخەتەرلىك» خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان «ئونىنچى ئىدارە»نىڭ ئىككىنچى قول باشلىقى ئىدى. بۇ مەزكۇر ئىدارىنىڭ خىتاينىڭ دىپلوماتىك ئۆمەكلىرى ۋە دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش بىلەن بىر ۋاقىتتا، چەتئەلدىكى خىتاي ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتلىرىغا ۋە ئۆكتىچى تەشكىلاتلارغا ئاكتىپ سىڭىپ كىرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. (51) تاۋ داۋېي 2005 ـ يىلى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ باش شتابىغا قايتىپ ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇشتىن ئىلگىرى، مەزكۇر مىنىستىرلىقنىڭ شەنشى ۋە خېنەندىكى تارماقلىرىدا ئىشلىگەن. (52)

ئاخىرىدا، «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» يەنە گېڭ خۇيچاڭنىڭ كونا خىزمەتدىشىنى مۇئاۋىن رەئىسلىككە تەيىنلىدى. (53) لۇ جوڭۋېي گېڭ خۇيچاڭدىن كېيىن «خىتاي ھازىرقى زامان خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر ئىنستىتۇتى»نىڭ مەسئۇلى بولدى، ئاندىن گېڭ خۇيچاڭغا ئوخشاشلا جامائەتچىلىكنىڭ نەزىرىدىن غايىب بولدى. لۇ جوڭۋېي «جوڭ ۋېي» دېگەن يالغان نامدا بىر نەچچە يىل مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە تيەنجىن شەھەرلىك دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغاندىن كېيىن، گېڭ خۇيچاڭ ئۇنى ئۆزىگە مۇئاۋىن مىنىستىر قىلىپ بېيجىڭغا قايتۇرۇپ كەلگەن. (54) «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» ئۇنى پەقەت «خىتاي ـ ياپونىيە دوستلۇق جەمئىيىتى»نىڭ ئەزاسى. دەپلا تونۇشتۇرغان. (55) بۇ ھەقتە چوقۇم بىر نەرسە دېيىشكە توغرا كەلسە، «شۇنچە كۆپ جاسۇس باشلىقلىرىنىڭ ئىسمىنى نىقاب تەشكىلاتلارنىڭ ئەزالىق تىزىملىكىگە كىرگۈزۈش ناھايىتى زور جاسارەت ۋە ئىشەنچ تەلەپ قىلىدۇ» دېمەي تۇرالمايمىز.

## ئونىنچى باب ـــ ئايلانما ئىشىك: تەتقىقاتچىلار ۋە خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى

يەرشارىدىكى ئاقىللار ئامبارلىرى ساددىلىق بىلەن «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ خادىملىرى بىلەن سۆرەتكە چۈشۈۋاتقان ۋە ئۇنىڭ پائالىيەتلىرىگە بەس ـ بەستە قاتنىشىۋاتقاندا، خىتاي سىياستىنى تەتقىق قىلىدىغان ئامېرىكالىق بىر تەتقىقاتچى بۇ مۇنبەرنىڭ مەخپىيەتلىكلىرىگە بىۋاستە شاھىت بولغانىدى. بىز بۇ يەردە ئۇنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن، ئۇنى بارىي (Barry) دەپ ئاتايلى. ئۇ 2006 ـ يىللىرى بولۇپ، ئەينى چاغدا خىتاينىڭ «تىنچ قەد كۆتۈرۈش» نەزەرىيەسى توغرىسىدىكى غۇلغۇلا تازا ئەۋجىگە چىققان بولۇپ، ئامېرىكادىكى ئاساسلىق تاشقى سىياسەت تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» بىلەن باردى ـ كەلدىسى بار ئىدى. ماگىستىر ئاسپىرانت بارىي يىغىن ۋە سۆھبەت جەريانىدا «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ خىزمەتچىلىرىنى ئوبدانلا چۈشىنىپ قالغانىدى. ئۇ خىتايدا ياشىغان ۋە خىتاي تىلىنى راۋان ئۆگەنگەن بولغاچقا، بۇ خىل ئەھۋالنى كۆپچىنچە كىشىلەرگە قارىغاندا ياخشى بىر تەرەپ قىلالايتتى. ئەمما، ئۇنىڭ ياشلىقى ۋە ۋاشىڭتوندىكى كەچمىشى ئۇنى مەزكۇر مۇنبەرنىڭ ئىندەككە كەلتۈرۈش نىشانىغا ئايلاندۇرغانىدى. بارىي بۇ ھەقتە: «ئۇلار بەلكىم مېنىڭ بىر كۈنلەردە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدە خىزمەت قىلىش ئېھتىماللىقىمنى كۆرۈپ يەتكەن بولۇشى مۇمكىن» دەيدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ بىر قېتىم ئۇنى شۇ يولدا مېڭىشقا (يەنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدە خىزمەت قىلىشقا) ئوچۇق ـ ئاشكارا ئۈندىگەنلىكىنى ئەسلەيدۇ. (1)

بىر يىلى، «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» ئۇنى بېيجىڭغا ئەزەلدىن ئېچىلىپ باقمىغان بىر يىغىنغا تەكلىپ قىلغان. ئەكسىچە، بىر نەچچە قېتىملىق ئۇچرىشىشتىن كېيىن، ئۇلار مەزكۇر ياش تەتقىقاتچىنى ھاراق ئىچكەچ كارائوكې ئېيتىشقا تەكلىپ قىلغان. ئاندىن، ئۇلار ئۇنى يېرىم يالىڭاچ ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ «مودا كۆرگەزمىسى»گە ئاپارغان. «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ بىر خىزمەتچىسى ئېڭىشكىنىچە: «ئەگەر خالىسىڭىز، ئۇلار بىلەن بىللە ئۇستۈنكى قەۋەتكە چىقساق بولىدۇ» دېگەن. ئەمما، بارىي بۇ تەكلىپنى سىپايىلىك بىلەن رەت قىلغان، ئەمما خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ خادىملىرىنىڭ زاپاس پىلانى بار ئىدى. كېيىن، ئۇلار ئۇنى ئالىي

دەرىجىلىك ئارشاڭغا ئاپارغان، ئۇلار بۇ يەردە غارسىمان نەپىس بىر زالدا ئارام ئالغان. خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ خادىملىرىنىڭ كاتتىبېشى ھەتتا ئالايىتەن كېلىپ، ئۇلارغا سالام قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ كۆڭۈللۈك ئويىنىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرگەن. بارىي ئەينى چاغدىكى ئەھۋالنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئازدىن كېيىن، بىز يۇيۇنۇپ بولۇپ، بەدەن ئۇۋۇلىتىش ئۆچۈن ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقتۇق. بىر ئازدىن كېيىن ئۇۋۇلىغۇچى قىز مەندىن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشنى خالايدىغان ـ خالىمايدىغانلىقىمنى سورىدى، مەن رەت قىلدىم.» ئۇنىڭ ئۇۋۇلاش ئۆيىدە يوشۇرۇن كامېرالار تەرىپىدىن كۆزىتىلىۋاتقانلىقى ۋە سۈرەتكە ئېلىنىۋاتقانلىقىدا شەك يوق ئىدى. «قالغانلارنىڭ ھەممىسى باشقا ئۆيلەردە ئىدى ... ئۇلارنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى كىم بىلسۇن دەيسىز؟» دەيدۇ ئۇ. ئۇنىڭ پەرىزىچە، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ خادىملىرى ئۇنى پاتقاققا تىقىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزلىرىمۇ «كۆڭۈل ئېچىۋاتقان» بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

بىر نەچچە يىلدىن كېيىن، بارىي قايتىدىن بېيجىڭغا بارغاندا، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ خادىملىرى ئۇنى يەنە بىر قېتىم بەدەن ئۇۋۇلىتىشقا ئېلىپ بېرىش پۇرسىتىنىڭ كەلگەنلىكىدىن «قاتتىق ھاياجانلىنىشقان». جىنسىي تورزاق مەغلۇب بولغان تەقدىردىمۇ، ئەرلەرنى تورزاققا چۈشۈرۈشنىڭ يەنە نۇرغۇن يوللىرى بار ئىدى. بۇ قېتىم ئۇ «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ خىزمەتچىسى بىلەن بېيجىڭدىكى بىر قاۋاقخانىغا بارغان. بارىي بۇ ئەر بىلەن ئەمدىلا تونۇشقان بولغاچقا، ئۇنىڭ «ئايالىم ۋە بالام بارلىقىغا قارىماستىن، بىر خىزمەتدىشىم بىلەن ئىش ـ پەش تارتىشىپ قالدىم» دېگىنىچە ئاھ ئۇرغىنىدىن ھەيران قالغان. ھېكايىنىڭ داۋامىغا كۆرە: «‹خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى›نىڭ بۇ خىزمەتچىسى ئۆز ئايالىنى ياخشى كۆرمەيتتى، ھەمدە شۇ سەۋەبلىك ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىشنى ئويلىسىمۇ، بۇنداق قىلالمايتتى ... ئۇنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى (ئۆزى ئىش ـ پەش تارتىشىپ قالغان) ئاشۇ ئايال بىلەن قېچىپ كېتىش ئىدى.» بۇ غەلىتە دەرت تۆكۈش ئىدى، بارىينىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى پەقەت پۈۋە ئارقىلىق ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىش ئىدى. خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ بۇ خادىمى ئۇنىڭغا: «مەن دەردىمنى سىزگىلا ئېيتالايمەن، چۈنكى سىز ھېچكىمنى تونۇمايسىز» دېگەن. بۇ جاسۇسنىڭ بارىيدىن كۈتكىنى ھېسداشلىق ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە. ئۇ بارىيغا بىر تالاي دەرت تۆكۈش ئارقىلىق ئاردا يېقىنلىق ھاسىل قىلىشنى ۋە شۇ ئارقىلىق بارىينىڭ ئېغىزىدىن گەپ ئېلىشنى كۆزلىگەنىدى. «مەنچە ئۇ ماڭىمۇ ئىچىمدىكى گەپلەرنى قىلغۇزماقچى ئىدى. ئۇ ھەتتا مەندىن: ‹سىزمۇ مۇشۇنداق ئىشلارغا يولۇقۇپ باققانمىدىڭىز؟› دەپ سورىغانىدى» دەيدۇ بارىي.

ئاندىن، پۇل تاكتىكىسى قوللىنىلغان. «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ بىر خادىمى بارىي بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا سەپەر جەريانىدا ئىشلىتىش ئۈچۈن پۇل بەرمەكچى بولغان. پۇل ئېغىزى ئېتىلگەن كونۋېرتقا قاچىلانغان بولۇپ، ھېلىقى خادىم پۇل قاچىلانغان كونۋېرتنى ئۈستەلنىڭ ئاستىدىن ئۇنىڭغا سۇنۇپ بەرمەكچى بولۇپ، بارىينىڭ تىزىغا يېنىك ئۇرغان. بارىينىڭ پەرىزىچە،

چوقۇم مەلۇم بىرەيلەن بارىي بىلەن خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ خادىمى ئارىسىدىكى «پۇل ئېلىم ـ بېرىمى»نى سۆرەتكە تارتىشقا تەييارلىنىپ تۇرغان. بۇ بىر كۆنلەردە قايتۇرۇلىدىغان «قەرز» سىياقىغا كىرگۈزۈلگەن پۇل ئىدى، لېكىن بۇ مەزكۇر مىنىستىرلىق بارىيغا قەرز بولغان پۇلنىڭ ئومۇمىي سومىسىغا يەتمەيتتى. تا بۈگۈنگىچە، خىتاينىڭ ئالىي ئىستىخبارات ئاپپاراتى ھېلىھەم بارىينىڭ قەرزىنى تولۇق تۆلىگىنى يوق.

مەزكۇر مىنىستىرلىقنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك تارماقلىرىنىڭ مۇئامىلىسىگە سېلىشتۇرغاندا، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ بارىيغا تۇتقان پوزىتسىيەسى تولىمۇ سىپايە بولغان. ئۇنىڭغا كۆرە، «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» ئەزەلدىن ئۇنىڭدىن «ۋەزىيەتنىڭ يامانلىششىغا سەۋەب بولىدىغان» ئىشلارنى قىلىشنى تەلەپ قىلىپ باقمىغان. ئۇلار «ئاقىللار ئامبىرىنىڭ تەتقىقاتچىسى» سىياقىغا كىرىۋېلىپ، سەۋرچانلىق بىلەن ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقان ھەمدە ئۇنىڭ ئامېرىكا سىياسىتىگە (politics) ۋە سىياسەتلىرىگە (policy) بولغان چۈشەنچىسىنى سورىغان، ئەمما ھەرگىزمۇ «خىتاي تەتقىقاتچى»غا خاس سۆز ـ ھەرىكەت پاسىلىدىن ھالقىپ كەتمىگەن. ئۇلار ئەزەلدىن «نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ»، ئۆزلىرىنىڭ بارىينى جاسۇسلۇققا قوبۇل قىلماقچى بولغان ئىستىخبارات خادىملىرى ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىمىغان. بارىيغا كۆرە، ئۇلار «ئاساسىي جەھەتتىن توپلاش ۋە ئورتاق تاللاش ئەندىزىسىنى قوللانغان.» ئۇلار ئۇنىڭغا خىتاينىڭ «كاتتا دېموكراتىك جەننەت»كە ئايلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولغان، شۇنداقلا ئۇنىڭدىن «قىزىق نۇقتا گۇرۇپپىسى» (focus group ـــ مەلۇم بىر مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن ھەر خىل سىنىپلاردىن تاللانغان، ئېرىشكەن ئۇچۇرلىرى بازار تەتقىقاتچىلىرى ياكى سىياسىي پارتىيەلەر تەرىپىدىن ئىشلىتىلىدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ، ت) سۈپىتىدە پايدىلىنىپ، پاراڭ تېمىلىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئامېرىكالىقلارنىڭ قىممەت قارىشىغا تەسىر كۆرسەتمەكچى بولغان.

«خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»دىكى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ خادىملىرى مەزكۇر مىنىستىرلىقنىڭ سەرخىللار جۇغلانغان باش شتابىدىن كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى ساقچى ياكى ئارمىيە قاتارلىق باشقا ساھەلەردىن يۆتكىلىپ كەلگەنلەر ياكى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ «خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى» ۋە بېيجىڭدىكى باشقا ئالىي مەكتەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەخسۇس تەربىيىلەش ئاپپاراتلىرىنى پۈتتۈرگەنلەردۇر. يەرلىك ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە، ئىقتىدارلىق، ئەمما ئوقۇش تارىخى نىسبەتەن تۆۋەن بولغان ئوقۇغۇچىلار مەزكۇر مىنىستىرلىقنىڭ شاڭخەي، گۇاڭدوڭ، جېجياڭ ۋە تيەنجىن قاتارلىق يەرلىك شۆبىلىرىدىن خىزمەت تاپالايدۇ. ئەمما، بايلىقى يېتەرسىز، خادىملىرى تۆزۈك مەشقلەندۈرۈلمىگەن ۋە نەزەردىن ساقىت قىلىنغان خېنەن ئۆلكىلىك دۆلەت بىخەتەرلىكى نازارىتىگە تەقسىملەنگەنلەرنىڭ ھالىغا ۋاي!

گەرچە خېنەن ئۆلكىسىدىكى ئىستىخبارات خادىملىرىنىڭ ۋەزىپىسى بېيجىڭدىكى كەسپداشلىرىنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ مېتودلىرى نىسبەتەن «تومپاي»راق ئىدى. مەزكۇر تارماقنىڭ شۇ يەردىكى ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ تەتقىقاتچىسى سىياقىغا كىرىۋالغان بىر خادىمى بارىينى ئىندەككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئوچۇق-ئاشكارا پارا بەرمەكچى بولغان بولۇپ، ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكىمۇ «سەۋر» قىلالمىغان. بۇ جاسۇس ھەتتا بارىيغا مەلۇم بىر ئېلخەت ھېسابىنىڭ مەخپىي نومۇرىنى دەپ بېرىدىغانلىقىنى، بارىينىڭ ئۆزىگە دوكلات يوللىغاندا ئۇنى بىۋاستە يوللىماستىن، ئېلخەت ساندۇقىغا ئورگىنال (email draft — ئېلخەت ئورگىنالى ئېلخەت ساندۇقىدا ساقلانغان، ئەمما تېخى ھېچكىمگە يوللانمىغان مەزمۇنلاردۇر، ت) سۈپىتىدە ساقلاپ قويسا، خىتاي ئىستىخبارات خادىملىرىنىڭ ئاشۇ ئېلخەت ھېسابىغا كىرىپ، ئالاقىدار ئۇچۇرلارنى شۇ يەردىن كۆرۈۋالىدىغانلىقىنى ئېيتقان. بارىي ئۇنىڭدىن: «سەنچە ئامېرىكالىقلار قانچىلىك ھاماقەت؟» دەپ سورىغان. يەنە بىر يەرلىك ئاپپارات بولمىش «كىشىنى بىزار قىلىدىغان» شاڭخەي دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسىمۇ شۇ خىل شەكىلدە بارىينى پاراكەندە قىلغان. بۇ خىتاينىڭ «تىنچ قەد كۆتۈرۈشى»دىن ئىبارەت جىددىي ساختا كۆرۈنۈشنى تىرەپ تۇرۇش ئۈچۈن ئىشقا سېلىنغان ۋاستىمۇ؟ باشقا چەتئەللىك تەتقىقاتچىلار ۋە تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەرگە — بەلكىم نوپۇزىنىڭ ئۈستۈنلۈكى سەۋەبلىك بولسا كېرەك — تەسىر كۆرسىتىش ئوبيېكتلىرى سۈپىتىدە، تېخىمۇ زىل مۇئامىلە قىلىناتتى.

## ئاجىز نۇقتىلار ۋە ئايلانما ئىشىك

ئامېرىكادىكى باشقا ئاقىللار ئامبارلىرى «كارنېگ خەلقئارا تىنچلىق فوندى»نىڭ بېيجىڭدىكى ئادەتتىن تاشقىرى مۇناسىۋىتىگە ھەۋەس قىلاتتى. ئامېرىكادىكى ئەڭ چوڭ ئاقىللار ئامبارلىرىنىڭ بىرى بولغان «كارنېگ خەلقئارا تىنچلىق فوندى»نىڭ بېيجىڭدا شى جىنپىڭنىڭ ئانا مەكتىپى بولغان چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن تەڭ قۇرغان بىرلەشمە مەركىزى بار ئىدى. ئەمما، «كارنېگ خەلقئارا تىنچلىق فوندى»نىڭ خىتايدىكى مەۋجۇتلۇقى شۇنىڭدىن بۇرۇنقى «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» بىلەن بولغان ھەمكارلىقتىن باشلانغان.

WikiLeaks ئاشكارىلىغان تېلېگراممىلار — بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى 2006-يىلىدىن 2010-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا يوللانغان — «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى پەس كويغا چۈشكەن يىللاردىكى بىرلا تەرىپىنى يورۇتۇپ بەرگەن. گەرچە خىتاي دۆلەت

بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى ھېلىھەم («خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»دىن ئىبارەت) مەزكۇر نىقاب تەشكىلاتتىن پايدىلىنىپ، ئامېرىكىغا قارىغاندا ئىنىدەككە كەلتۈرۈش ئاسانراق نىشانلارغا قارىتا ھەرىكەتلەرنى قانات يايدۇرۇۋاتقان بولىسمۇ، ئەمما بۇ تېلېگراممىلار مەزكۇر نىقاب تەشكىلاتنىڭ ئەڭ ئاكتىپ ۋە ئۈنۈملۈك ئىستىخبارات ئالدىنقى سېپى سۈپىتىدە ھەرىكەت قىلىۋاتقان مەزگىلىنىڭ ئاخىرقى چاغلىرىدا يوللانغان. خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ خادىملىرى بۇ تەشكىلاتتىكى قىزغىن ۋە مۆجمەل «ئىسلاھاتچى»لىق كەيپىياتىدىن پايدىلىنىپ، ئامېرىكا دىپلوماتلىرى بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشتىن باشقا نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغانىدى.

خىتاي ئىستىخبارات ئورگانلىرى ئۇزۇندىن بۇيان ئامېرىكادىكى ئاقىللار ئامبارلىرىغا دىققەت قىلىپ كەلگەنىدى. خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىغا ۋە خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىگە تەۋە نۇرغۇن جاسۇسلار ۋاشىڭتوندىكى ئاقىللار ئامبارلىرىدا زىيارەتچى تەتقىقاتچى سۈپىتىدە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنىڭ ئوچۇق ـ ئاشكارىلىقى ۋە بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلار پەرقلىق ئىدى. (2) ھەتتا، خىتاي ئىستىخبارات تەھلىلچىلىرى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، يەنى رېگان دەۋرىدىلا، تەسىردار ئاقىللار ئامبارلىرىنىڭ ئوچۇق مەنبەلىك تەتقىقاتلىرىنى توپلاۋاتقانىدى. (3)

تېخمۇ يېقىنقى مەزگىلگە قارايدىغان بولساق، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى يۈ فاڭ 1990 ـ يىللاردا ۋاشىڭتوندىكى ئاقىللار ئامبارلىرىنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈش ئۈچۈن، يۈ ئېنگۋاڭ دېگەن يالغان ئىسىم بىلەن ئامېرىكىغا كەلگەن. مەزكۇر تەجرىبىلىك جاسۇس دېموكراتلار پارتىيەسى بىلەن ئىتتىپاقلاشقان بروكىڭس ئىنستىتۇتىدا ھەمدە جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىگە مايىل بولغان «ئامېرىكا كارخانا تەتقىقات يۇرتى»دا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ مەبلىغى، خادىملىرى ۋە سىياسەتكە قانچىلىك تەسىر كۆرسىتەلەيدىغانلىقىنى سۈرۈشتۈرگەن ۋە ئاخىرىدا مۇنۇلارنى خۇلاسىلىگەن: «بۇ ئاقىللار ئامبارلىرىنى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئىسكىلاتى ياكى شۇلارنى تەربىيەلەش ئاپپاراتى دېيىشكە بولىدۇ. (ئاندىن ئۇ نۇرغۇن سابىق ئەمەلدارلارنى شۇلارنىڭ قاتارىدا سانىغان) ئۇلارنىڭ ئورنى ۋە تەسىرى ھەرگىز تۆۋەن چاغلانماسلىقى كېرەك. ئەگەر بىز ئامېرىكىنىڭ سىياسىتىنى چۈشەنمەكچى بولساق، ئاقىللار ئامبارلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلساق بولمايدۇ.» (4)

يۈ فاڭ شۇنى بىلەتتىكى، ئاقىللار ئامبارلىرى ئېچىۋېتىلگەن، كىشىلەر ۋە ئىدىيەلەردىن شەكىللەنگەن «ئايلانما ئىشىك» بولۇپ، ھۆكۈمەتنى پۇقرالار جەمئىيىتى (Civil society —— بىر جەمئىيەتتىكى ھۆكۈمەت بىلەن كارخانىلاردىن تاشقىرى «ئۈچىنچى ساھە»نى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئائىلە بىلەن خۇسۇسىي ساھەنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ يەنە بەزىلەر ئۇنى «پۇقرالارنىڭ مەنپەئىتى ۋە ئىرادىسىنى قوللايدىغان ئاممۋى تەشكىلاتلار ۋە ئورگانلارنىڭ يىغىندىسى» ياكى «بىر جەمئىيەتتىكى ھۆكۈمەتتىن مۇستەقىل بولغان شەخس ۋە تەشكىلاتلارنى كۆرسىتىدۇ» دەپمۇ تەبىرلىشىدۇ، ت) ۋە

ئىلىم ـ پەن ساھەسى بىلەن باغلايتتى. ئۇلار بىخەتەرلىككە ئانچە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيتتى. چۈنكى، ئۇلار ئادەتتە مەخپىي ئۇچۇرلار بىلەن ھەپىلەشمەيتتى. گەرچە بەزى ئورگانلار جىسمانىي بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىنى قوللانغان بولسىمۇ، ئەمما تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىگە ۋە ساختا ئۇچۇرلارغا تاقابىل تۇرۇش كۆپىنچە يەككە تەھلىلچىلەرنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش ئىقتىدارىغا باغلىق ئىدى. ئۇلار (يەنى ئاقىللار ئامبارلىرى) ئىستىخبارات ئورگانلىرى دېموكراتىك دۆلەتلەردە پايدىلىنىشنى ئۈمىد قىلىدىغان ئاجىز ھالقىنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. كېيىنچە ھوقۇق تۇتۇشى مۇمكىن بولغان ئاكادېمىكلارنى «يېتىشتۈرۈش» ۋە ئىنىدەككە كەلتۈرۈشنىڭ خەۋپى ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى نىشانلىغانغا قارىغاندا خېلى بەكلا تۆۋەن ئىدى.

خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ يەنە بىر ئەۋزەللىكى شۇكى، بەزى ئاكادېمىكلار ۋە مەسلىھەتچىلەر ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ قىممەتلىك ئىستىخبارات مۇلكى بولۇشى مۇمكىن. كۆپىنچە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى تار كوچىلاردا ئىشلىگەچكە، ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتسىز تېمىلاردا خىزمەت قىلىۋاتقان سىياسىيونلار ياكى خىزمەتداشلىرى خالىغانچە باردى ـ كەلدى قىلىپ كەتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ جاسۇس باشقۇرغۇچىلىرى (Spy handler —— ئىستىخبارات ئورگىنىغا ۋاكالىتەن ئىستىخبارات مۇلۈكلىرىنى ياكى مەشغۇلاتچىلىرىنى باشقۇرۇش ۋە يېتەكلەشكە مەسئۇل شەخسنى كۆرسىتىدۇ، ت) ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن —— بۇ خىل ئۇچرىششلار كۆپىنچە ئۈچىنچى دۆلەتتە بولىدۇ —— بىخەتەر قاناللارنى، شۇنداقلا زاپاس تاللاشلارنى ئەستايىدىللىق بىلەن تەييارلىشى كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن، ئاكادېمىكلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تەتقىقات تېمىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ھەمدە ئەمەلدارلار ۋە سىياسىيونلار بىلەن قەھۋە ئىچىش پەقەت خىزمەتنىڭ بىر قىسمىدۇر. شۇڭا، بۇ ئاكادېمىكلارنىڭ خىتايغا قەرەللىك سەپەر قىلىشى —— بۇ سەپەردە ئىستىخبارات خادىملىرى بىلەن ئانچە ـ مۇنچە پاراڭلىشىپ قويغان تەقدىردىمۇ —— ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى تارتمايدۇ. ھەر خىل خېرىدارلار ئۈچۈن مەخپىي دوكلات يېزىشمۇ ئاقىللار ئامبىرىنىڭ خىزمىتىنىڭ ۋە مەسلىھەت بېرىشنىڭ دائىمىي تەركىبلىرىدىن بىرىدۇر.

شۇ ۋەجىدىن، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى ئاقىللار ئامبارلىرىنىڭ تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى ئۈچۈن كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنلار ئىكەنلىكىنى ئۆزۈندىن بۇيان بىلەتتى. شۇنداقلا، ئەمەلىيەتتە «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» مەزكۇر مىنىستىرلىقنى بۇ ساھەگە بۆسۈپ كىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئامېرىكا ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تەتقىقاتچىلار بىلەن بولغان ئالاقىسى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ باشقا مەخپىي ھەرىكەتلىرىدىكىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ئىدى. خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ ئامېرىكا مۇتەخەسسىسلىرى مەزكۇر نىقاب تەشكىلاتتا يېتەكچى ئورۇندا تۇرسىمۇ، بۇ ئاپپاراتنىڭ نۇرغۇن خىزمەتچىلىرى فرانسىيەدە ئوقۇغاندى ۋە فرانسۇزچە سۆزلىشەتتى. مەسىلەن، مەزكۇر مۇنبەر فرانسىيەنىڭ داڭلىق «خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر ئىنستىتۇتى» بىلەن كۆپ قېتىم يىغىن ئۆتكۈزۈپ،

**خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ خادىملىرىنىڭ ياۋروپالىق ئاكادېمىكلارنى ۋە تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەرنى تەكشۈرۈشكە شارائىت ھازىرلاپ بەرگەنىدى. (5) 2016 ـ يىلى، «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ بىر نەپەر خادىمى خىتاينىڭ پارىژدىكى باش ئەلچىخانىسىدا «ئاخبارات مەخسۇس خادىمى» سۈپىتىدە قايتا پەيدا بولدى. (6)**

ئىنگلىزچىدىن ھېمكەتيار ئىبراھىم، ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

**(داۋامى كېيىنكى ساندا)**

*** نەقىل مەنبەلىرى ئۈچۈن ئەسەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسىغا مۇراجىئەت قىلىڭغاي.**



# ئۈنۈمدارلىقنى ئاشۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى — «ياق» دېيىش

جېيمس كېلر

# ئۈنۈمدارلىقنى ئاشۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى — «ياق» دېيىش

جېيمس كىلىر

(«نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»نىڭ ئەڭ بازارلىق كىتابلار تىزىملىكىدە بىرىنچى ئورۇندا تۇرغان «Atomic Habits» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى، بۇ كىتاب ئەللىك نەچچە خىل تىلغا تەرجىمە قىلىنىپ، دۇنيا مىقياسىدا توققۇز مىليون پارچىدىن ئارتۇق سېتىلغان)

بىر ئىشنى قىلماسلىق ھەمىشە ئۇنى قىلىشتىن تېز بولىدۇ. بۇ بايان ماڭا كونا كومپيۇتېر پروگراممىسى لايىھەچىلىكىدىكى مۇنۇ سۆزنى ئەسلىتىدۇ: «شۇنى ئېسىڭىزدە تۇتۇڭكى، ھېچقانداق كود كودسىزلىقتەك تېز ئەمەس.»

بۇ پەلسەپە ھاياتنىڭ باشقا ساھەلىرىگىمۇ ماس كېلىدۇ. مەسىلەن، ھېچقانداق يىغىن ئاچماسلىقتەك تېز بولمايدۇ.

بۇ ھەرگىزمۇ يىغىنلارغا زىنھار قاتناشماسلىقىڭىز كېرەك دېگەنلىك ئەمەس. ئەمما، رېئاللىق شۇكى، بىز ئۆزىمىز قىلىشنى خالىمايدىغان نۇرغۇن ئىشلارغا «ماقۇل» دەيمىز. ئېچىلىشىنىڭ ھېچبىر ھاجىتى يوق نۇرغۇن يىغىنلار ئېچىلىدۇ. قىسقارتىۋېتىشكە بولىدىغان نۇرغۇن كودلار بىھۇدە يېزىلىدۇ.

قانچە قېتىملاپ، كىشىلەر سىزدىن بىرەر ئىش قىلىشنى تەلەپ قىلغاندا، سىز «ئەلۋەتتە بولىدۇ» دەپلا جاۋاب بەردىڭىز ـ يۇ، ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتەر ـ ئۆتمەستىن، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىڭىزنىڭ تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، تېڭىرقاپ قالدىڭىز. بىز باشقىلارغا ئۆزىمىز «ماقۇل» دېگەن تۇرۇقلۇق، زىممىمىزگە يۈكلىنىپ قالغان ئىشلارنىڭ كۆپلۈكىدىن مەيۈسلىنىپ كېتىمىز.

ھالبۇكى، شۇ ئىشلارنى قىلىشنىڭ زۆرۈر ياكى ئەمەسلىكىگە سوئال قويۇپ باقماي بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ ئىشلارنىڭ كۆپىنچىسى زۆرۈر ئەمەس بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئاددىي رەۋىشتە «ياق» دېيىشنىڭ ئۈنۈمى ئەڭ ئۈنۈمدار كىشى بېجىرەلەيدىغان ھەرقانداق ئىشنىڭكىدىن تېخىمۇ يۇقىرى بولىدۇ.

ئەمما «ياق» دېيىشنىڭ پايدىسى شۇنچە روشەن بولسا، بىز يەنە نېمىشقا داۋاملىق «ماقۇل» دەۋېرىمىز؟

## بىز نېمىشقا «ماقۇل» دەيمىز؟

بىز نۇرغۇن تەلەپلەرگە ئۆزىمىز شۇ ئىشنى قىلىشنى خالايدىغانلىقىمىز ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى قوپال، تەكەببۇر ياكى ياردەمسۆيمەس دەپ قارىلىپ قالغۇمىز بولمىغانلىقى ئۈچۈن «ماقۇل» دەيمىز. ئادەتتە، سىز كەلگۈسىدە تەكرار باردى ـ كەلدى قىلىدىغان كىشىلەرگە ــــ مەسىلەن، خىزمەتداشلىرىڭىز، جۆرىڭىز، ئائىلىڭىزدىكىلەر ۋە دوستلىرىڭىزغا ــــ ياق دېيىشنى ئويلىشىشىڭىز كېرەك.

بۇ كىشىلەرگە «ياق» دېيىش بەكلا قىيىن بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى بىز ئۇلارنى ياخشى كۆرىمىز ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىشنى ئويلايمىز. (يەنە تېخى، ئۆزىمىزمۇ دائىم شۇلارنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولۇپ قالىمىز) باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىش ھاياتىنىڭ مۇھىم بىر قىسمىدۇر. بۇ جەھەتتە، «ياق دېسەم مۇناسىۋەتكە تەسىر يېتىدۇ» دېگەن خىيالنىڭ ۋەزنى بىز باشقىلار تەلەپ قىلغان ئىشلارنى قىلىشقا كېتىدىغان ۋاقىت ۋە ئېنېرگىيەنىڭكىدىن ئېشىپ كېتىدۇ.

شۇ ۋەجىدىن، قارشى تەرەپكە جاۋاب قايتۇرغاندا ئەدەپلىك بولۇشنىڭ پايدىسى بار. ياردەم قىلالايدىغان ئىشلىرىڭىزدا، قولىڭىزدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىڭ، «ياق» دېيىشكە توغرا كەلگەندىمۇ، دوستانە ۋە تۈز بولۇڭ.

ئەمما، بىز بۇ ئىجتىمائىي ئامىللارنى ئويلاشقان تەقدىردىمۇ، نۇرغۇنلىرىمىز يەنىلا «ماقۇل ـ ياق» مەسىلىسىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلالمايدىغاندەك قىلىمىز. بىز دائىم ئەتراپىمىزدىكىلەرنىڭ ــــ ئۆزىمىزنى دېمەيلا قويايلى ــــ ئەھۋالىنى ئۇنۇملۇك ياخشىلىيالمايدىغان ياكى ئۇلارغا ھېچقانچە ياردىمى تەگمەيدىغان ئىشلارغا ھەددىدىن زىيادە كۈچەپ كېتىمىز.

بۇ جەھەتتە يادرولۇق مەسىلىلەردىن بىرى بىزنىڭ «ھەئە» ۋە «ياق»نىڭ مەنىسى ھەققىدە قانداق ئويلىنىشىمىز بولۇشى مۇمكىن.

## «ماقۇل» بىلەن «ياق»نىڭ پەرقى

«ماقۇل» ۋە «ياق» دېگەن سۆزلەر دائىم بىر ـ بىرىگە سېلىشتۇرۇلغاچقا، ئۇلار سۆھبەت جەريانىدا ئوخشاش ۋەزنگە ئىگىدەك تۇيۇلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار مەنە جەھەتتىن قارمۇقارشى بولۇپلا قالماستىن، ۋەزنىمۇ تامامەن پەرقلىقتۇر.

«ياق» دېگىنىڭىزدە، سىز پەقەت بىرلا تاللاشقا ياق دەۋاتقان بولىسىز. «ماقۇل» دېگىنىڭىزدە بولسا، (ئۆزىڭىز ماقۇل بولغان شۇ تاللاشتىن) باشقا تاللاشلارنىڭ ھەممىسىگە «ياق» دېگەن بولىسىز.

مەن ئىقتىسادشۇناس تىم خارفوردنىڭ (Tim Harford) مۇنۇ سۆزىنى ياقتۇرىمەن: «ھەر قېتىم مەلۇم تەلەپكە <ماقۇل> دېگىنىمىزدە، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە قىلالايدىغان باشقا ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە <ياق> دېگەن بولىمىز.» سىز بىرەر ئىشنى قىلىشقا ۋەدە بەرگەندىن كېيىن، كەلگۈسىدىكى ۋاقتىڭىزنى قانداق ئۆتكۈزىدىغانلىقىڭىز ئالدىنقاچان قارار قىلىنىپ بولغان بولىدۇ.

باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، «ياق» دېيىش كەلگۈسىدىكى ۋاقتىڭىزنى تېجەپ قالالايدۇ. «ماقۇل» دېيىشىڭىز كەلگۈسىدىكى مەلۇم ۋاقتىڭىزدىن ۋاز كېچىشىڭىزگە توغرا كېلىدۇ. «ياق» زاپاس ۋاقىت ساقلاشنىڭ بىر خىل شەكلى بولۇپ، «ياق» دېگىنىڭىزدە كەلگۈسىدىكى ۋاقتىڭىزنى ئۆزىڭىز خالىغانچە ئىشلىتەلەيسىز. «ماقۇل» دېيىش بولسا ۋاقىت قەرز ئالغانلىق بولۇپ، بۇ «قەرز»نى كەلگۈسىدىكى مەلۇم ۋاقتتا قايتۇرۇشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ.

«ياق» قارار، «ماقۇل» بولسا مەسئۇلىيەتتۇر.

## «ياق»نىڭ رولى

«ياق» دېيىش بەزىدە پەقەت ھوقۇقدارلارنىڭلا ئىمتىيازىدەك كۆرۈنىدۇ. دەرۋەقە، ھوقۇق، پۇل ۋە نوپۇزدىن قوپۇرۇلغان بىخەتەرلىك تېمىغا تايانغاندا، تەلەپلەرنى رەت قىلىش تېخىمۇ ئاسانغا توختايدۇ. ئەمما، شۇنىسى ھەم ھەقىقەتكى، «ياق» دېيىش نوقۇل ھالدا ئارىمىزدىكى ئۇتۇقدارلارنىڭلا ئىمتىيازى ئەمەس. ئۇ (يەنى «ياق» دېيىش) ئۆز نۆۋىتىدە يەنە سىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭىزغا ياردەم بېرەلەيدىغان ئىستراتېگىيەدۇر.

«ياق» دېيىش كەسپىي ھاياتىڭىزنىڭ ھەر قانداق باسقۇچىدا تەرەققىي قىلدۇرۇشىڭىز زۆرۈر بولغان مۇھىم ماھارەتتۇر، چۈنكى ئۇ ھاياتتىكى ئەڭ مۇھىم مۈلۈكنى، يەنى ۋاقتىڭىزنى تېجەپ قالىدۇ. مەبلەغ سالغۇچى پېدرو سورېنتىنونىڭ (Pedro Sorrentino) ئېيتقىنىدەك: «ئەگەر ۋاقتىڭىزنى قوغدىمىسىڭىز، كىشىلەر ئۇنى سىزدىن ئوغرىلىۋالىدۇ.»

سىزنى نىشانىڭىزغا ئېلىپ بارالمايدىغان ھەر قانداق ئىشقا، جۈملىدىن دىققىتىڭىزنى چاچىدىغان ئىشلارغا «ياق» دېيىشىڭىز كېرەك. بۇ ھەقتە بىر ئوقۇرمەن ماڭا مۇنداق دېگەنىدى: «ئەگەر <ياق>نى تۇرمۇشقا تەدبىقلاشنىڭ ئېنىقلىمىسىنى كېڭەيتسەك، ئۇ ئەمەلىيەتتە ئۈنۈمدارلىقنى ئاشۇرۇشنىڭ يېگانە تاكتىكىسى بولۇپ چىقىدۇ (چۈنكى، سىز ئۈنۈمىڭىزنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش ئۈچۈن، دىققىتىڭىزنى چاچىدىغان ھەر قانداق ئىشقا «ياق» دەيدىغان بولىسىز).»

ھېچكىم بۇ پەلسەپەنى (ئالما شىركىتىنىڭ سابىق خوجايىنى) ستىۋ جوبىستنىمۇ ياخشىراق گەۋدىلەندۈرەلىگەن ئەمەس، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «كىشىلەر زېھىننى مەركەزلەشتۈرۈش ــــ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارغا <ماقۇل> دېيىشنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. لېكىن، <زېھىننى مەركەزلەشتۈرۈش>نىڭ مەنىسى ھەرگىزمۇ بۇ ئەمەس. ئەكسىچە، <زېھىننى مەركەزلەشتۈرۈش> كىشىنىڭ كۆز ئالدىدىكى (ئۆز نىشانىدىن باشقا) يۈزلىگەن ياخشى پىكىرلەرگە <ياق> دېيىشىدۇر. بۇ جەھەتتە، چوقۇم ئەستايىدىللىق بىلەن تاللاش كېرەك.»

بۇ يەردە مۇنداق بىر مۇھىم تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش زۆرۈر. «ياق» دېيىش ھەرگىزمۇ قىزىقارلىق، ئىجادىي ياكى ئىستىخىيەلىك ئىشلارنى چورتلا قىلماسلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەكسىچە، بۇ پەقەت سىزنىڭ دىققىتىڭىزنى مەركەزلەشتۈرگەن ئاساستا «ماقۇل» دېيىشىڭىز كېرەكلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. دىققىتىڭىزنى چاچىدىغان ئىشلاردىن قۇتۇلغىنىڭىزدىن كېيىن، سىزنى توغرا يولدا ئىلگىرىلىتىدىغان ھەر قانداق پۇرسەتكە «ماقۇل» دېيىشىڭىز ئاقىلانىلىكتۇر. ئۆزىڭىز ئۈچۈن نېمىلەرنىڭ كارغا كېلىدىغانلىقىنى ۋە نېمىلەرنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى بايقاش ئۈچۈن، نۇرغۇن ئىشلارنى سىناپ بېقىشىڭىزغا توغرا كېلىشى مۇمكىن. مەلۇم بىر پروجېكت، خىزمەت ياكى كەسىپنىڭ باشلىنىش باسقۇچىدا، بۇ خىل ئىزدىنىش دەۋرى ئالاھىدە مۇھىم.

## «ياق»نى كۈچلەندۈرۈش

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە، ئالغا ئىلگىرىلەپ ئۇتۇق قازىنىشىڭىزغا ئەگىشىپ، ئىستراتېگىيەڭىزنى ئۆزگەرتمىسىڭىز بولمايدۇ.

سىز ئۇتۇق قازانغانسېرى، ۋاقتىڭىزنىڭ پۇرسەت تەننەرخى (opportunity cost ــــ ئىمكانىيەت چەكلىك بولغان شارائىتتا، مەلۇم بىر ئىشنى قىلىش ئۈچۈن چوقۇم ۋاز كېچىش كېرەك بولغان باشقا تاللاشلارنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، بىر ئادەمنىڭ يېنىدا يىگىرمە دوللارلا پۇل بولسا، ئەگەر ئۇ پۇلغا كىتاب سېتىۋالغان تەقدىردە، كىيىم سېتىۋالالمايدىغان؛ ياكى كىيىم سېتىۋالغان تەقدىردە كىتاب سېتىۋالالمايدىغان ئەھۋال كۆرۈلسە، ئۇنداقتا بۇ يەردىكى «كىتاب سېتىۋېلىش»نىڭ پۇرسەت تەننەرخى «كىيىم سېتىۋېلىش» بولىدۇ، ت) شۇنچە ئاشىدۇ. دەسلەپتە، سىز دىققەت چاچىدىغانلىقى روشەن بولغان ئىشلاردىن قول ئۈزۈپ، قالغان ئىشلار ھەققىدە ئىزدىنىسىز. ماھارىتىڭىزنىڭ ئۆسۈشىگە ھەمدە ئۆزىڭىز ئۈچۈن نېمىلەرنىڭ كارغا كېلىدىغان، نېمىلەرنىڭ كارغا كەلمەيدىغانلىقىنى پەرقلەندۈرۈشنى ئۆگىنىۋالغىنىڭىزدا، چوقۇم «ماقۇل» دېيىش ئۆلچىمىڭىزنى ئۆستۈرۈشىڭىز كېرەك.

بۇ چاغدا سىز يەنىلا دىققىتىڭىزنى چاچىدىغان ئىشلارغا «ياق» دېيىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىلگىرى «ۋاقىتتىن ياخشى پايدىلانغانلىق» دەپ قارالغان بەزى ئىشلارغىمۇ «ياق» دېيىش ئارقىلىق ۋاقىتتىن تېخىمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭىز كېرەك.

باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ «ياق»لىرىڭىزنى ئەلالاشتۇرۇشىڭىز كېرەك.

«ياق»نى ئەلالاشتۇرۇش زىنھار «ماقۇل» دېمەيسىز دېگەنلىك ئەمەس. بۇ پەقەت نورمال ئەھۋالدا تەكلىپلەرگە «ياق» دەيدىغانلىقىڭىزدىن، پەقەت ھەقىقىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىشلارغىلا «ماقۇل» دەيدىغانلىقىڭىزدىن دېرەك بېرىدۇ. مەبلەغ سالغۇچى برېنت بېشورنىڭ (Brent Beshore) سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: «<ياق> دېيىش شۇ قەدەر كۆچلۈككى، ئۇ <ماقۇل> دېيىش پۇرسىتىنى ساقلاپ قالىدۇ.»

ئومۇمىي يۈزلىنىش قارىماققا مۇنداقتەك قىلىدۇ: ئەگەر سىز دىققەتنى چاچىدىغان ناچار ئىشلارغا «ياق» دېيىشنى ئۆگىنىۋالسىڭىز، ئاخىرىدا چوقۇم «ياخشى»، ئەمما «ئەڭ ياخشى» بولمىغان تەكلىپلەرگىمۇ ياق دېيىش ھوقۇقىڭىز بولىدۇ.

## «ياق»نى قانداق دېيىش كېرەك؟

كۆپىنچىمىز «ماقۇل» دېيىشكە بەك ئالدىراپ، «ياق» دېيىشكە قېرىقلىق قىلىمىز. ئۆزىڭىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئەھۋالىڭىزنىڭ قانداقلىقى ھەققىدە ئويلىنىپ بېقىشىڭىز زۆرۈر.

ئەگەر «ياق» دېيىشتە قىينىلىۋاتقان بولسىڭىز، مەن يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئەنگلىيەلىك ئىقتىسادشۇناس تىم خارفوردنىڭ تۆۋەندىكى ئىستراتېگىيەسى سىزگە پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن. ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بۇ جەھەتتىكى بىر تاكتىكا: <ئەگەر (مەندىن تەلەپ قىلىنغان) ئاشۇ ئىشنى بۈگۈن قىلىشىم كېرەك بولسا، ئۇنىڭغا <ماقۇل> دەرمىدىم؟> دەپ سورىشىڭىزدۇر. چۈنكى، كەلگۈسى ھەققىدىكى ھەر قانداق ۋەدە ـــ قانچىلىك يىراقتا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ـــ ھامان بىر كۈنى كۆز ئالدىڭىزدىكى مەسىلىگە ئايلىنىدۇ.»

ئەگەر بىر پۇرسەت سىزنى شۇ تاپتا قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭىزنى تاشلاپ قويغۇدەك دەرىجىدە ھاياجانلاندۇرالىسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭغا «ماقۇل» دەڭ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، بۇ ھەقتە چوقۇم ئوبدان ئويلىنىشىڭىز كېرەك. يەنى، ئەگەر باشقىلار سىزدىن بىرەر ئىشنى قىلىشنى تەلەپ قىلسا، سىزنىڭ تۇنجى ئىنكاسىڭىز «ئاھ تەڭرىم! بۇ ئىش قالتىسكەنغۇ!» بولسا، شۇ ئىشنى قىلىڭ. ئەگەر ئۇ ئىش سىزنى ھاياجانلاندۇرالمىسا، ئۇنى قىلماڭ.

**ھەر قېتىم قارار چىقىرىش كېرەك بولغاندا بۇ سوئالنى ئۆزىڭىزدىن سوراشنى ئېسىڭىزگە ئالالىشىڭىز مۇمكىن ئەمەس، ئەمما بۇ چارىنى پات ـ پات سىناپ تۇرۇش يەنىلا پايدىلىقتۇر. «ياق» دېيىش قىيىن بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئۇ يەنىلا «ماقۇل» دېگەندىن كېيىن شۇ ۋەدىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا قارىغاندا ئاساندۇر. يازغۇچى مايك دارىيانونىڭ (Mike Dariano) كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك: «ۋەدە بەرمەسلىك ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىقتىن ئاساندۇر.»**

**ساغلاملىق ھەققىدىكى تۆۋەندىكى ھەقىقەت ئۇنۇمدارلىق ئۈچۈنمۇ كۈچكە ئىگىدۇر: «بىر ئۆلۈش ئالدىنى ئېلىش، بىر ئۆلۈش داۋالاشتىن ئۇنۇملۇكتۇر.»**

## <u>«ياق»نىڭ كۈچى</u>

**مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا ئىسراپ قىلىنغان ئېنېرگىيە ئىشلارنى ئۇنۇمسىز قىلغاندا خورىغان ئېنېرگىيەدىنمۇ كۆپتۇر. بۇ خىل ئەھۋالدا، شاللاش ئەلالاشتۇرۇشتىنمۇ بەكرەك كارغا كېلىدۇ.**

**پېتېر دراكېر (Peter Drucker) شۇنداق دېگەن: «قىلىنماسلىقى كېرەك بولغان ئىشنى ئۇنۇملۈك قىلىشتىنمۇ بىمەنە ئىش يوق.»**

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

**مەنبە:**

https://jamesclear.com/sayingno



# ئامېرىكالىقلار خىتاينىڭ ھەربىي كېڭەيمىچىلىكىگە ئاڭسىز رەۋىشتە ياردەم بەرمەكتە

جوش روگىن

# ئامېرىكالىقلار خىتاينىڭ ھەربىي كېڭەيمىچىلىكىگە
# ئاڭسىز رەۋىشتە ياردەم بەرمەكتە

جوش روگىن
(بۇ ماقالە «ۋاشىڭتون پوچتا گېزىتى»نىڭ توربىدا ئېلان قىلىنغان)

ۋال كوچىسىدىكى شىركەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئامېرىكا پارلامېنتىدىكى ۋاكالەتچىلىرى (يەنى پارلامېنت ئەزالىرى) كۆپىنچە ئامېرىكالىقلارنىڭ «پېنسىيە فونداڭىزنىڭ خىتاي ئارمىيەسىنى ياكى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىشىنى خالامسىز؟» دېگەن سوئالغا دۇچ كېلىپ قېلىشىنى زىنھار خالىمايدۇ. چۈنكى، مۇتلەق كۆپ قىسىم ئامېرىكالىقلار بۇنىڭغا «ياق» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئەنە شۇ سەۋەبتىن، پرېزدېنت بايدېننىڭ خىتايغا مەبلەغ سېلىشقا قارىتىلغان يېڭى چەكلىمىلىرى پەقەتلا باشلىنىشتۇر.

ئالدىنقى ھەپتە، بايدېن ھۆكۈمىتى ئامېرىكادىكى خۇسۇسىيلارنىڭ خىتايدىكى بىر قانچە يۇقىرى تېخنىكىلىق ساھەلەرگە مەبلەغ سېلىشىغا قارىتا يېڭى چەكلىمىلەرنى ئېلان قىلدى. كۆپ يىللاردىن بۇيان، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ ئامېرىكادىكى دۆلەت بىخەتەرلىكىگە مۇناسىۋەتلىك ساھەلەرگە سالغان مەبلىغىنى تەكشۈرۈپ كېلىۋاتقاندى. ئەمدىلىكتە بايدېن چەتئەللەرگە سېلىنىدىغان مەبلەغلەرنىمۇ بۇ خىل تەكشۈرۈشنىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزدى. ئۇنىڭ يېڭى مەمۇرىي بۇيرۇقى ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ خىتاينىڭ سۈنئىي ئىدراك، كۋانت مېخانىكىسى ۋە يېرىم ئۆتكۈزگۈچ تېخنىكىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ياردەم بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، بۇ ساھەلەردىكى تېخنىكىلارنىڭ خىتاي ئارمىيەسىنى مەنپەئەتلەندۈرىدىغانلىقى شەكسىز.

ئامېرىكا پارلامېنتىدىكى بەزى جۇمھۇرىيەتچىلەر مەزكۇر چەكلىمىنىڭ بىيوتېخنىكا ۋە ئېنېرگىيە تېخنىكىسى قاتارلىق سەزگۈر ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ، بۇ تەدبىرنى يەنىلا بەك ئاجىز بولۇپ قالغان، دەپ تەنقىدلەشتى. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ ھەرىكەتنى «ئوچۇق-ئاشكارە ئىقتىسادىي مەجبۇرلاش ۋە تېخنىكا زوراۋانلىقى» دەپ ئەيىبلىدى ھەمدە بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆچ ئالىدىغانلىقى ھەققىدە جار سالدى-يۇ، قانداق ئۆچ ئالىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلدۈرمىدى. ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىكى مەسلىھەتچىسى

جەك سۇلۋان بۇ تەدبىرنى ھالقىلىق تېخنىكا ساھەلىرىنىڭ «كىچىك ھويلىسى» ئەتراپىغا «ئېگىز قاشا» سېلىش ئۇرۇنۇشى، دەپ تەسۋىرلىدى.

بايدىننىڭ بۇ قارارى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكى خادىملىرى بىلەن ئىقتىسادىي مەسىلىلەرگە مەسئۇل خادىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەسسەگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ پەقەت ئۇزۇن يولدىكى تۇنجى قەدەمدۇر. ئامېرىكا پارلامېنتىدىكى ھەر ئىككى پارتىيە ئاللىقاچان خىتاي ئارمىيەسى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك شىركەتلەرنىڭ ئامېرىكالىقلارنىڭ پۇلىنى ئوغرىلىشىغا يول قويىدىغان بىر يوچۇقنى ئېتىش ئۈچۈن ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە باشلىدى. ۋال كوچىسىدىكى شىركەتلەر نۆۋەتتە ئامېرىكالىق مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ پۇلى بىلەن ئامېرىكانىڭ مەنپەئەتى ۋە قىممەت قارىشىغا خىلاپ ئىش قىلىۋاتقان خىتاي شىركەتلىرىگە مەبلەغ سېلىۋاتقان بولۇپ، پارلامېنت ئەزالىرى بۇنىڭغا قارىتا قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتۈشنى ئويلايدۇ.

جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىن بولغان ئاۋام پالاتا ئەزاسى، ئاۋام پالاتاسىدىكى «خىتاي كومپارتىيەسى مەخسۇس كومىتېتى»نىڭ رەئىسى مايك گالاگېر (Mike Gallagher) بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «بىزنىڭ بىر تەرەپتىن سەزگۈر تېخنىكىلارنىڭ خىتايغا ئېكسپورت قىلىنىشىنى چەكلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن ۋال كوچىسىنىڭ روشەن ھەربىي قوللىنىشچانلىقى بار بۇ تېخنىكىلاردا بىزدىن ئېشىپ كېتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقان خىتاي شىركەتلىرىنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىشىگە يول قويۇشىمىز ئەقىلگە سىغىدىغان ئىش ئەمەس.»

بايدىننىڭ مەمۇرىي بۇيرۇقى كونكرېت كەسپلەرگە بىۋاسىتە مەبلەغ سېلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالسىمۇ، ئەمما ئامېرىكادىكى پېنسىيە فوندلىرى ۋە ئۇنىۋېرسىتېت ئىئانە فوندلىرى قاتارلىق چوڭ مەبلەغ سالغۇچى ئاپپاراتلارنى يېتەكلەيدىغان ۋال كوچىسى كۆرسەتكۈچ فوندلىرىنىڭ (Wall Street index funds) خىتاي ئارمىيەسىگە چېتىشلىق شىركەتلەرگە سالىدىغان مەبلىغىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

ئامېرىكا شىركەتلىرى بۇ قانااللار ئارقىلىق، خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى بىلەن مۇناسىۋىتى بار ياكى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىگە چېتىشلىق خىتاي شىركەتلىرىنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەپلا قالماي، مەخسۇس تېخنىكىلىق بىلىملەر بىلەنمۇ تەمىنلەيدۇ. مەزكۇر كومىتېتنىڭ دېموكراتلار پارتىيەسىدىن بولغان رەھبىرى راجا كرىشنامورسى (Raja Krishnamoorthi) بۇ مەبلەغ سېلىش يوللىرىنى تېخىمۇ ئوچۇق-ئاشكارىلاشتۇرىدىغان ۋە بۇلارغا قارىتا تېخىمۇ كۆپ چەكلىمىلەرنى قويىدىغان پەيتنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى بىلدۈردى.

ئۇ مۇنداق دېدى: «شۇنىسى تولىمۇ مۇھىمكى، بىز مەيلى ئۆزىمىز بىلىپ تۇرۇپ ياكى بىلمەستىن، بىزگە قارشى ئىشلىتىلىشى مۇمكىن بولغان ھەربىي ئىقتىدارلارنى زىنھار مەبلەغ بىلەن تەمىنلەپ قالماسلىقىمىز كېرەك. بۇ مەسىلىگە يېتەرلىك ئېتىبار بېرىلمىدى، لېكىن بۇ پەۋقۇلئاددە مۇھىم.»

مەسىلەن، «خىتاي مەسىلىلىرى كومىتېتى»نىڭ خادىملىرىنىڭ دەسلەپكى تەكشۈرۈشىگە كۆرە، ۋال كوچىسىدىكى كۆرسەتكۈچ فوندلىرى ئىزچىل تېخىمۇ كۆپ خىتاي شىركەتلىرىنى ئۆز تىزىملىكىگە قوشۇۋاتقان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە خىتاي ئارمىيەسى بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقى ياكى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ باستۇرۇشىغا ئىشتىراك قىلغانلىقى ئۈچۈن ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ قارا تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن نەچچە ئون شىركەتمۇ بار. گالاگېر بىلەن كرىشناموسى ئالدىنقى ئايدا BlackRock شىركىتى ۋە «مورگان سېتەنلى خەلقئارالىق كاپىتال شىركىتى»نىڭ خوجايىنلىرىغا خەت يېزىپ، ئۇلارنىڭ مەبلەغ فوندلىرىنىڭ مەسىلە بار خىتاي شىركەتلىرى ئۈچۈن ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەتنى قايسى رەۋىشتە ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقىنى ھەمدە شۇ ئارقىلىق ئامېرىكانىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىگە قانداق زىيان يەتكۈزگەنلىكىنى تەپسىلىي بايان قىلغان.

مەسىلەن، «خىتاي ئاۋىياتسىيە سانائىتى شىركىتى» (AVIC) خىتاي ھاۋا ئارمىيەسى ئۈچۈن ئىلغار كۆرەشچى ئايروپىلان ياسايدۇ؛ «خىتاي كېمسازلىق گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى» خىتاي دېڭىز ئارمىيەسى ئۈچۈن ئۇرۇش پاراخوتى ياسايدۇ؛ «خىتاي گۇاڭدوڭ يادرو ئېلېكتر شىركىتى» خىتاي ئارمىيەسى ئۈچۈن ئامېرىكانىڭ يادرو تېخنىكىسىنى ئوغرىلاشقا ئۇرۇنغان دەپ ئەيىبلەنگەن بولۇپ، يۇقىرىقى شىركەتلەرنىڭ ھەممىسى BlackRock شىركىتى بىلەن «مورگان سېتەنلى خەلقئارالىق كاپىتال شىركىتى»نىڭ فوندىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، بۇ شىركەتلەر بىۋاستە ھالدا ياكى مۇشۇ ئىككى شىركەتنىڭ تارماق شىركىتى ئارقىلىق بۇ فوندلارغا ئەزا بولغان. دېمەك، گەرچە ئامېرىكالىقلارنىڭ (خىتاي ئارمىيەسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان) بۇ شىركەتلەرگە بىۋاستە مەبلەغ سېلىشى چەكلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ شىركەتلەر يەنىلا ۋاستىلىك ھالدا ئامېرىكالىق مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ پۇلىغا ئېرىشمەكتە.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ «ھەربىي-پۇقرانى بىرلەشتۈرۈش» پروجېكتىنى يولغا قويۇشىغا ئەگىشىپ، بۇ شىركەتلەر بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتى ئارىسىدىكى پەرق يوقالماقتا. بۇ شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇكى، ئامېرىكالىقلارنىڭ بۇ ئورۇنلارغا مەبلەغ سېلىشى ھەم خەتەرلىك، ھەم مەسئۇلىيەتسىزلىكتۇر، چۈنكى خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ شىركەتلەرنى خالىغان ۋاقىتتا ۋەيران قىلىۋېتەلەيدۇ ياكى يۇتۇۋالالايدۇ.

كرىشناموسى مۇنداق دەيدۇ: «ئاددىي ئامېرىكا پۇقرالىرى نېمە ئۈچۈن بۇ خىل ئەھمىيەتسىز ئورۇنلارغا مەبلەغ سالغۇدەك؟ ئەمما تېخىمۇ چوڭ سوئال شۇكى، بۇنداق قىلىشنىڭ سىستېمىلىق خەتىرى زادى نېمە؟»

بەزىلەر «خىتايغا مەبلەغ سېلىشقا چەكلىمە قويۇش قورۇقچىلىقتۇر» ياكى «بۇ دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي جىددىيلىكنى كۈچەيتىۋېتىشى مۇمكىن» دەپ قارايدۇ. ئەمما بۇ خىل بەس-مۇنازىرىلەردە بۇ تەدبىرلەرنىڭ پەقەت خىتاينىڭ ئۆزۈندىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن قورۇقچىلىق سىياسىتىگە قايتۇرۇلغان ئىنكاس ئىكەنلىكى ئېتىراپ قىلىنمايدۇ.

**يەنە بەزىلەرگە كۆرە، ۋال كوچىسىدىكى بۇ شىركەتلەر كەسپىي جەھەتتە قانۇنلۇق بولغان پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولغاچقا، دۆلەت مەجلىسى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ بۇنىڭغا ئارىلىشىش ھوقۇقى يوق. ئەمما، بۇ تامامەن ۋاقتى ئۆتكەن قاراشتۇر. چۈنكى، دۆلەت بىخەتەرلىكى جەھەتتىكى يوچۇقنى ئېتىش ھەمدە ئامېرىكالىقلارنى قوغداش ئۈچۈن يېڭى قانۇن ـ سىياسەتلەرنى تۈزۈش دەل دۆلەت مەجلىسى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ۋەزىپىسىدۇر.**

**كىرىشناموسى يەنە مۇنداق دەيدۇ: «<ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىمىزگە تەھدىت سالىدىغان ۋە قىممەت قاراشلىرىمىزغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان شىركەتلەرگە مەبلەغ سېلىشىغا ۋە ئۇلارنى كەسپىي بىلىملەر بىلەن تەمىنلىشىگە يول قويۇش داۋاملىق قانۇنلۇق ھېسابلىنىشى كېرەك> دەپ قارايدىغانلار چوقۇم (كەلگۈسى ئۆزگىرىشلەردىن) ھاڭ ـ تاڭ قالىدۇ. ئامېرىكا خەلقى بۇنداق قىلىشنى (يەنى خىتاي ئارمىيەسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان شىركەتلەرگە مەبلەغ سېلىشنى) خالىمايدۇ.»**

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

**مەنبە:**

https://www.washingtonpost.com/opinions/2023/08/15/biden-china-investment-technology-restrictions/



# تېرېزىن جازا لاگېرى

# تېرېزىن جازا لاگېرى

ترېيسى بېرنىس

تېرېزىن (Terezín) ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ناتسىستلارنىڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگېرى (work camp) ۋە گېستاپو تۈرمىسى قىلىنىشتىن خېلى بۇرۇنلا مەۋجۇت ئىدى. ئۇنىڭ قاتنىشى قولاي ۋە قوغداش ئاسان بولغاچقا، ئاۋسترىيەلىكلەر ئۇنى پرۇسسىيەلىكلەرگە قارشى مۇداپىئەنى كۈچەيتىشكە ئىشلەتكەن. 1780 ـ يىلىدىن 1790 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ياسالغان تېرېزىن ئىمپېراتور جوسېف II (Joseph II) تەرىپىدىن ئاپىسى مارىيا تېرېسانىڭ (Maria Theresa) ئىسمى بىلەن ئاتالغان. لېكىن، بۇ يەردە ھېچقانداق ئۇرۇش يۈز بېرىپ باقمىغان. كېيىن، 19 ـ ئەسىردە، بۇ قەلئە يەنە تۈرمە قىلىنغان. 1914 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ۋەلىئەھد فرانز فېردىناند (Franz Ferdinand) ۋە ئۇنىڭ ئايالىنى ئۆلتۈرگەن بوسنىيەلىك سېرب گاۋرىلو پرىنسىپ (Gavrilo Princip) قاتارلىق سىياسىي مەھبۇسلار بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە مۇشۇ يەرگە قامالغان. بۈگۈنكى كۈندە، بۇ شەھەر كىچىك قەلئە (1941~1945 ـ يىللىرى گېستاپونىڭ تۈرمىسى قىلىنغان) بىلەن ناتسىستلار دەۋرىدىكى گېتتوغا (Ghetto ـــ يەھۇدىيلار ياشاشقا مەجبۇرلانغان، ئايرىۋېتىلگەن مەھەللە) بۆلۈنگەن بولۇپ، بۇ يەردە گېتتو مۇزېيى ۋە باشقا ئورۇنلار بار.

بۇ يەر تۈرمە قىلىنغان بەش يىلدا (1941~1945 ـ يىللىرى)، مۇشۇ لاگېرغا ئەكېلىنگەن تەخمىنەن 32 مىڭ مەھبۇسنىڭ كۆپىنچىسى تېخىمۇ شەرقتىكى باشقا لاگېرلارغا سۈرگۈن قىلىنغان ۋە شۇ يەردە ئۆلگەن. ئۇلارنىڭ تەخمىنەن ئۈچ مىڭى چەتئەللىكلەر، جۈملىدىن رۇسىيە، پولشا ۋە فرانسىيەدىن كەلگەنلەر ئىدى. تەخمىنەن 2500 مەھبۇس مۇشۇ كىچىك قەلئەدە ھاياتىدىن ئايرىلغان. لىتومېرىسىقا (Litoměřice) يېقىن جايدىمۇ بىر تارماق لاگېر بار بولۇپ، ئۇ يەرنىڭ شارائىتىمۇ ناچار ئىدى. مەۋجۇت تۈرمىلەر توشۇپ كەتكەن بولغاچقا، ناتسىستلار بۇ كىچىك قەلئەگە موھتاج بولۇپ قالغانىدى. ئۇلار ئۇرۇشنىڭ دەسلىپىدە نۇرغۇن قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەرنى ۋە كوممۇنىستلارنى قولغا ئالغانىدى. قارشىلىق كۆرسەتكەن ئىشچىلارغا ياردەم بەرگەنلەر، بۇزغۇنچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلار ۋە يەھۇدىيلارغا قارشى تۈرۈش قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغان يەھۇدىيلارمۇ شۇ مەھبۇسلارنىڭ ئارىسىدا ئىدى.

كىچىك قەلئەنىڭ ئىچىدە تۈرمە ھويلىسىدىن تۆتى بار ئىدى. ئەرلەرگە ئايرىلغان بىرىنچى ھويلىدا ئەتىگەن ـ كەچتە يوقلىما قىلىناتتى. زىيارەتچىلەر بۇ يەردە 17 كامېر بارلىقىنى كۆرەلەيدۇ. ئەينى چاغدا مۇشۇ كىچىككىنە كامېرلارنىڭ ھەربىرىگە ئاتمىشتىن توقسانغىچە ئادەم سولانغانىدى. بۇ كامېرلاردا ئۈچ

قەۋەتلىك كارىۋاتلار، بىر ھاجەتخانا ۋە بىر ئولاق بار بولۇپ، يۇندىلارمۇ تەكرار ئىشلىتىلەتتى. پىت ۋە ھاشاراتلار تازىلىق ئەھۋالىنى تېخىمۇ ناچارلاشتۇرۇۋەتكەنىدى.

ئىككىنچى ھويلا قىيناشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەمۇرىي تەرتىپلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى. ئەر مەھبۇسلارغا چېخوسلوۋاكىيەنىڭ كونا ھەربىي فورمىسى كىيدۈرۈلگەن، ئاياللار پۇقراچە كىينگەنىدى. ئەگەر مەھبۇس يەھۇدىي بولسا، كۆڭلىكىنىڭ كۆكرىكىدە ۋە دۈمبىسىدە سېرىق يۇلتۇز ياكى ئوخشىمىغان كاتېگورىيەلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئۈچبۇلۇڭ بار بولاتتى. تۇتقۇنلارغا يەنە ياغاچ ئاياغ، ئەديال، مېتال قاچا ۋە قوشۇق تارقىتىلغان بولۇپ، ئەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ چېچى چۈشۈرۈۋېتىلگەنىدى.

گەرچە يەھۇدىيلار ئادەتتە شۇ ئەتراپتىكى گېتولارغا يىغىۋېلىنغان بولسىمۇ، ئەمما گېتودىن قېچىشقا ئۇرۇنغان ياكى قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىگە قاتناشقان يەھۇدىيلار كىچىك قەلئەگە ئەۋەتىلىپ، قاتتىق قىيىن-قىستاققا ئۇچرايتتى. ئاتمىش مەھبۇسنىڭ چىراغ، ساپ ھاۋا ۋە ئورۇندۇق يوق كىچىك بوشلۇقتا سىغداپ قويۇلغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ. (ھالبۇكى، مۇشۇ پەيتنىڭ ئۆزىدە شەرقىي تۈركىستاندىكى لاگېر-تۈرمىلەردە، ھەتتا تۈرمە سىرتىدا ئازاب چېكىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ كۈنلىرى بۇلارنىڭكىدىن كۆپ ئېچىنىشلىقتۇر)

1943-يىلى سېلىنغان تۆتىنچى ھويلا 400 دىن 600 گىچە ئادەم سىغىدىغان غايەت زور كامېرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھاجەتخانا ۋە پار يوق، يالغۇز كىشىلىك 125 كامېرنىڭ ھەر بىرىگە يىگىرمىدەك ئادەم سولانغان. ئۈچىنچى ھويلا ئاياللارغا ئايرىلغان بولۇپ، ھازىر بۇ يەردە كۆرگەزمە ئۆيلىرى بار.

بۇ يەردە يەنە يىگىرمە ئېغىز يالغۇز كىشىلىك كامېر بار بولۇپ، گاۋرىلو پرىنسىپ دەل مۇشۇ يەردىكى 1-نومۇرلۇق كامېرغا تۆت يىل قامالغاندىن كېيىن ئۆلگەن. بۇ يەرگە 1943-يىلى مەركىزىي مۇنچا سېلىنغان بولۇپ، كىيىم-كېچەكلەردىكى پىتنى يوقىتىش پونكىتىمۇ بار ئىدى. يۈزدىن ئارتۇق مەھبۇس بىللە يۇيۇنغاندىن كېيىن (پىتسىزلاندۇرۇلغان) ھۆل كىيىملەرنى كىيىشكە مەجبۇر بولاتتى. 1940-يىلى تەسىس قىلىنغان بۇ شىپاخانىدا دەسلەپتە ئاران سەككىز كارىۋات بار ئىدى. بۇ سابىق دوختۇرخانا پەقەت بىرلا قېتىم ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ھازىر 1950-يىلى كوممۇنىستلار تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنغان سىياسىي مەھبۇس مىلادا خوراكوۋاغا ئاتالغان (Milada Horáková) كۆرگەزمە قويۇلماقتا. 1940-يىلىدىن 1945-يىلىغىچە، تەخمىنەن 2600 ئادەم بۇ تۈرمىدە ھاياتىدىن ئايرىلغان. ئۇرۇشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھەپتىلىرىدە، لاگېردا داغ قىزىتمىسى (spotted fever) ۋە كېزىك ئەدەپ كەتكەن.

«ئۆلۈم قوۋۇقى» (The Gate of Death) ئىلگىرىكى بىر مەھەل ئېتىش مەيدانى بولغان جازا مەيدانىدا مەھبۇسلارنى كۈتۈۋالاتتى. گەرچە بەزى مەھبۇسلار دارغا ئېسىلسىمۇ، كۆپىنچىلىرى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلەتتى. بۇ كىچىك قەلئەدە تەخمىنەن 250 دىن 300 گىچە ئادەمگە ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنغان. قەلئە ئىچىدىكى مۇزېيدىكى بۇيۇملار ئىشغالىيەتتىن بۇرۇنقى دەۋرنى، ئىشغالىيەت دەۋرنى ۋە ناتسىستلارغا قارشى تۇرۇش ھەرىكەتلىرى دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

**گېتتو مۇزېيى ئەينى چاغدىكى گېتتوغا جايلاشقان بولۇپ، زىيارەتچىلەرنى مەھبۇسلارنىڭ دەھشەتلىك كۈندىلىك تۇرمۇشى بىلەن تونۇشتۇرىدۇ. بۇ يەردە يەنە بالا مەھبۇسلارنىڭ سەنئەت ئەسەرلىرىمۇ كۆرگەزمە قىلىنىدۇ. زىيارەتچىلەر بۇ يەردە گېتتودىكى كۈلتۈرەل پائالىيەتلەرنى ۋە مەنىۋى تۇرمۇشنى، شۇنداقلا بۇ لاگېرنىڭ تاكى 1945 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن ئازاد قىلىنغانغا قەدەر، ئاچارچىلىق، كېسەللىك، باشقا يەرگە (كۆپىنچە لاگېرلارغا) يۆتكىۋېتىلىش ۋەھىمىسى ۋە ئۆلۈمنىڭ ئىسكەنجىسىدە تۇرغانلىقىنى ھېس قىلالايدۇ. مەزكۇر مۇزېي تېرېزىندىن باشقا جايلارغا سۈرگۈن قىلىنغان 86 مىڭ 934 كىشىنى خاتىرىلەشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، بۇ كىشىلەردىن پەقەت 3586 ئادەملا ھايات قالغاندى.**

**1942 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، ناتسىست ئىشغالىيىتىدىن ئىلگىرى بۇ شەھەردە ياشىغان 7000 چېخ باشقا جايغا سۈرگۈن قىلىنغان بولۇپ، بۇنداق قىلىش تەخمىنەن ئەللىك مىڭ يەھۇدىيغا «ماكان» ھازىرلاش ئۈچۈن ئىدى. ئۇرۇش جەريانىدا تەخمىنەن 155 مىڭ يەھۇدىي بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىنگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ تەخمىنەن 87 مىڭى تېخىمۇ شەرقتىكى جازا لاگېرلىرىغا سۈرگۈن قىلىنغان، 34 مىڭ ئەتراپىدا كىشى گېتتودا قازا قىلغان. شەرقكە سۈرگۈن قىلىنىشتىن ئىلگىرى گېتتودا تۇرغان ئون مىڭ 500 دىن ئارتۇق بالىنىڭ ئىچىدە پەقەت 245 بالا ئۇرۇشتا ھايات قالغان.**

**1944 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، «خەلقئارا قىزىل كرېست جەمئىيىتى»نىڭ ۋەكىللىرى بۇ گېتتونى زىيارەت قىلغان. زىيارەتكە تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن، بىر قاتار ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن. گۈللۈكلەر بۇ يەرگە ھۆسن قوشقان، مۇزىكا سارىيى ۋە بالىلار سارىيى قۇرۇلغان. كۈلتۈرەل پائالىيەتلەر ئۇيۇشتۇرۇلغان. كېسەل مەھبۇسلار ئاۋسۋىتز (سېسىق نامى پۇر كەتكەن جازا لاگېرى) غا ئەۋەتىۋېتىلگەن. ناتسىستلار يەنە تەشۋىقات فىلىممۇ ئىشلىگەن. فىلىمدە كۆرسىتىلگەن يەھۇدىيلارنىڭ كۆپىنچىسى شۇ زىيارەتتىن كېيىنكى بىر قانچە ئاي ئىچىدە شەرقكە سۈرگۈن قىلىنغان ۋە ئۆلتۈرۈلگەن. «قىزىل كرېست جەمئىيىتى»نىڭ ۋەكىللىرى ناتسىستلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ، بۇ يەرنىڭ يىغىۋېلىش لاگېرى ئىكەنلىكىنى بىلەلمىگەن.** (بۇ ئابزاستىكى «قىزىل كرېست جەمئىيىتى»نى «ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى»گە، «ناتسىست»نى «خىتاي»غا، «يەھۇدىي»نى «ئۇيغۇر»غا ئۆزگەرتىدىغان بولساق، تارىخنىڭ ئەسلىدىكىنىمۇ ئېچىنىشلىق تەرزدە تەكرارلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. ـ ت)

## گېتتودىكى كۈندىلىك ھايات

**گېتتودا سۇ، دورا ۋە ھاجەتخانا كەمچىل بولۇپ، ھاشارەتلار ھەممە يەرنى قاپلاپ، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر يامراپ كەتكەنىدى. مەھبۇسلارنىڭ ھاياتى ئاچلىق، قۇللۇقنىڭ بېسىمى ۋە يۇقۇملۇق**

كېسەلنىڭ ئىسكەنجىسىدە ئىدى. ياتاقلار ئۈچ قەۋەتلىك كارىۋاتلار بىلەن تولغان بولۇپ، كارىۋاتنىڭ كەڭلىكى ئاران 65 سانتىمېتىر كېلەتتى. گېتتودىكى 16 ياشتىن 60 ياشقىچە بولغان بارلىق مەھبۇسلار قۇل سۈپىتىدە ھەپتىسىگە 52 سائەتتىن 54 سائەتكىچە ئىشلىمىسە بولمايتتى؛ 1944 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن باشلاپ، ھەپتىلىك خىزمەت سائىتى يەتمىش سائەتكە چىقىرىلغان.

## ئىبادەتگاھ

ناتسىستلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، بالىخانىلاردا، ئىلگىرىكى ماشىنا ئىسكىلاتلىرىدا، كامېرلاردا، ئامبارلاردا ۋە پۈقرالارنىڭ ئۆيلىرىدە مەخپىي ئىبادەتگاھلار بار ئىدى. بۇ ئالاھىدە ئىبادەتگاھلار 1990 ـ يىللارنىڭ بېشىدا بايقالغان. ئىلگىرى تېرېزىنغا قامالغان گېرمانىيەلىك يەھۇدىي پروفېسسور ۋە پوپ ئارتۇر بېرلىنگېر (Artur Berlinger) ئەينى چاغدا ھازىرقى دىلوھا كوچىسى 17 ـ نومۇرلۇق قورۇنىڭ ھويلىسىغا توغرا كېلىدىغان يەردىكى قوتاننىڭ ئىچىدىن يىگىرمە كۋادرات مېترلىق قۇرۇق ئۆينى تېپىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ ئىبادەت بۇيۇملىرىنى ئەكېلىپ، بۇ يەرنى ئىبادەتگاھ قىلىۋالغان. بۇ ئۆينىڭ تاملىرىغا ئىبرانىي يېزىقىدا خەتلەر يېزىلغان، تورۇس «داۋۇت يۇلتۇزى» (بۈگۈنكى ئىسرائىلىيەنىڭ بايرىقىدىكىگە ئوخشاش يۇلتۇز) بىلەن زىننەتلەنگەن. ئەمما، بۇ نەرسىلەر ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ سۇسلىشىپ كەتكەن ھەمدە 2002 ـ يىلىدىكى كەلكۈن تامنىڭ تۆۋەنكى قىسمىدىكى بېزەكلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى يوقىتىۋەتكەن. بېرلىنگېر ئىككى قىزىنى ئەنگلىيەگە ئەۋەتىۋېتىشكە مۇۋەپپەق بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ۋە ئايالى ئاۋسۋىتز جازا لاگېرىدا ھاياتىدىن ئايرىلغان.

## مەركىزىي جەسەتخانا

بەزىدە ئۆلگۈچىلەرنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ مەركىزى جەسەتخانىدا يېقىنلىرى بىلەن «ۋىدا»لىشىشىغا رۇخسەت قىلىناتتى. بۇ يەر يەھۇدىي رايونى ۋە خىرىستىيان رايونى دەپ ئىككىگە ئايرىلغانىدى. چۈنكى، يەھۇدىي مەھبۇسلارنىڭ تەخمىنەن ئون پىرسەنتى خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. زىيارەتچىلەر بۇ يەردە جەسەت توشۇيدىغان قول ھارۋىسىنى ۋە تار ياغاچ جەسەت ساندۇقلىرىنى كۆرەلەيدۇ. ھەر قايسى جازا لاگېرلىرىدىن ئەكېلىنگەن توپىلار بۇ يەردىكى كۆرگەزمە قېپىدا ساقلىنىدۇ.

ئەينى چاغدا، جەسەت جەسەتخانىغا ئەكېلىنگەندىن كېيىن كۆيدۈرۈلۈپ، جەسەت كۈلى ياغاچ ياكى قەغەز قۇتىغا سېلىپ دەپنە قىلىنغان.

## جەسەت كۆيدۈرۈش ئورنى

1942-يىلى 6-ئايدا، جەسەتلەر تۆت چوڭ ئوچاقتا كۆيدۈرۈلۈشكە باشلىغان بولۇپ، بۇ ئوچاقلارنىڭ ھەربىرى بىر ۋاقىتتا تۆت جەسەتنى كۆيدۈرەلەيتتى. جەسەت كۆيدۈرۈش ئورنىنىڭ ئەتراپىدىكى يەھۇدىي قەبرىستانلىقىدا، نومۇر قويۇلغان قەبرىدىن توققۇز مىڭغا يېقىن بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ سالاھىيىتىنى ئېنىقلىغىلى بولمىغاچقا، قەبرىسىگە ئىسمى يېزىلمىغانىدى. جەسەت كۆيدۈرۈش ئورنىنىڭ زالىدا مەھبۇسلارنىڭ ئۆلۈم سەۋەبى خاتىرىلەنگەن ئەسلى ھۆججەتلەر ھەمدە ئۇرۇش جەريانىدا ۋە ئۇرۇشتىن كېيىن جەسەت كۈلىنى قاچىلاشقا ئىشلىتىلگەن قەغەز قۇتىلار كۆرگەزمە قىلىنغان. بۇ قۇتىلار دەسلەپتە ياغاچتىن ياسالغان بولسىمۇ، كېيىن ناتسىستلار بۇنىڭ ئۈچۈن قەغەز ئىشلىتىشكە باشلىغان. ناتسىستلار بۇ يەردە يەنە ئۆلۈكلەرنىڭ ئالتۇن چىشلىرىنى يۇلۇۋېلىشقان. 1944-يىلى، SS چىلار ئۆلۈكلەرنىڭ كۈلىنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. تەخمىنەن 22 مىڭ دانە جەسەت كۈلى قۇتىسى دەرياغا تاشلىۋېتىلگەن، قالغان ئۈچ مىڭ قۇتا دەپنە قىلىنغان.

ئىلگىرىكى ھەربىي گازارمىلار ھازىر 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىكى گېتولاردىكى سەنئەت بۇيۇملىرى كۆرگەزمىخانىسىغا ئايلاندۇرۇلدى. تۈرمىگە سولانغان بىر قىسىم سەنئەتكارلار چېرتيوژخانىدا ئىشلەشكە ئەۋەتىلگەن بولۇپ، ئۇلار بۇ يەردە دىياگرامما، ستاتىستىكا ۋە قىستۇرما رەسىملەرنى تەييارلاپ، بۇلارنى ئاتالمىش «ئۆز-ئۆزىنى باشقۇرۇش پائالىيىتى» توغرىسىدىكى دوكلاتلارغا قوشۇمچە قىلغان.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى


مەنبە:

https://www.private-prague-guide.com/article/terezin-concentration-camp/



# ئامېرىكانىڭ خىتاي بىلەن بولغۇسى ئۇرۇشتىكى يوشۇرۇن ئاجىزلىقى

# ئامېرىكانىڭ خىتاي بىلەن بولغۇسى ئۇرۇشتىكى يوشۇرۇن ئاجىزلىقى

يەرشارىنىڭ ئىسسىپ كېتىشى ۋە تۇراقسىز هاۋارايى دۇنيادىكى ئەڭ مۇھىم سۇ يوللىرىنىڭ بىرى بولغان پاناما قانىلىغا تەسىر كۆرسەتمەكتە. هۆل ـ يېغىننىڭ ئازىيىشى ۋە تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆرلىشى سۇ ئورنىنىڭ تۆۋەنلىشىگە سەۋەب بولۇپ، پاراخوتلارنىڭ قانال قاپقىسىدىن (Canal's lock ــ چۈشۈرگە ئېغىزلىرىدا سۇنىڭ ئاز ـ كۆپ ئېقىشىنى تەڭشەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قۇرۇلما بولۇپ، سۇ ئورنىنى تەڭشەش ئارقىلىق، ئوخشىمىغان ئېگىزلىكتىكى پاراخوتلارنىڭ قانالدىن ئۆتۈشىگە ئىمكانىيەت يارىتىدۇ.ـ ت) ئۆتۈشىگە كاشىلا تۇغدۇرماقتا. پانامانىڭ كۆل سۈيى سەۋىيەسىنىڭ 2023 ـ يىلى يازدا تارىختىكى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيەگە چۈشۈشى ۋە بۇنىڭ دائىرىلەرنىڭ قاتتىق سۇ تېجەش تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇشىغا ۋە پاراخوت تاپىنىنىڭ چۆكۈش دەرىجىسىگە قاتتىق چەك قويۇشىغا سەۋەب بولۇشى مۆلچەرلەنمەكتە. گەرچە پاناما دائىرىلىرى كىلىمات ئۆزگىرىشىنىڭ ئېنىقسىزلىقىغا تاقابىل تۇرۇشقا تەييارلىنىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بىر ئىش ئاللىقاچان ئايدىڭلىشىپ بولدى: پاناما قانىلىدىكى تاتلىق سۇ ئورنىنىڭ ئىزچىل تۆۋەن بولۇشى پاراخوتلارنى سانى، چۆكۈش دەرىجىسى ۋە يۈك مىقدارىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە تۆۋەنلىشىگە سەۋەب بولدى.

هالبۇكى، بۇ نوقۇل هالدا يەرشارىۋى سودىغىلا ئەمەس، بەلكى ئامېرىكانىڭ كۈچىگىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇنداقتا، كىلىمات ئۆزگىرىشى ئامېرىكانىڭ سودىسىغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟ تېخىمۇ مۇھىمى، تىنچ ئوكياندا ئامېرىكا ـ خىتاي توقۇنۇشى يۈز بەرگەندە، پاناما قانىلىنىڭ چەكلىملىكى ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ جىددىي ئەھۋالدا قايتىدىن ئورۇنلىشىش (redeployment) ئىقتىدارىغا تەسىر كۆرستەمدۇ، يوق؟

بىز بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىشتىن بۇرۇن، هۆل ـ يېغىننىڭ كەمچىل بولۇشى ۋە تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆرلىشىنىڭ پاناما قانىلىدىكى پاراخوت قاتنىشىغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى.

پاناما قانىلى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ سۇ يوللىرىنىڭ بىرىدۇر. ئاتلانتىك ئوكيان بىلەن تىنچ ئوكياننى تۇتاشتۇرىدىغان بۇ قانالدا، بىر يۈرۈش قاپقىلار پاراخوتلارنىڭ قانالنى بويلاپ يۇقىرى ـ تۆۋەنگە مېڭىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالېجۇئېلا (Alejuela) كۆلى بىلەن گاتۇن (Gatun) كۆلىدىن ئىبارەت ئىككى سۈنئىي سۇ ئامبىرىنىڭ يېتەرلىك سۇ بىلەن تەمىنلەپ، پاراخوتلارنىڭ ئىككى ئوكيان ئارىسىدىكى 26 مېتىرلىق ئېگىزلىك پەرقىنى يېڭىلىشى شەرتتۇر. يېڭى قاپقا 2016 ـ يىلىدىن باشلاپ ئىشلىتىلىۋاتقان بولۇپ، بۇ قاپقىلار 20 فۇتلۇق ئۆلچەملىك كونتېينېردىن 13 مىڭنى توشۇيالايدىغان

دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تىپتىكى يۈك پاراخوتلىرىنىڭ قانالدىن ئۆتۈشىگە ئىمكانىيەت يارىتىدۇ. بۇ نۆۋەتتە پانامانى دۇنيا سودىسىنىڭ ئاساسلىق تۈگۈنىگە ئايلاندۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم، نۆۋەتتە يەر شارى سودىسىنىڭ 3.5 پىرسەنتتىن ئالتە پىرسەنتكىچە بولغان قىسمى مۇشۇ قانالدىن ئۆتىدۇ.

ھالبۇكى، بۇ سودىلارنىڭ ھەممىسى تۇراقلىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارىغا باغلىق. يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە 12 دانە قانال قاپقىسىنىڭ ھەر بىرى بۇ قانالدىن ئۆتىدىغان ھەر بىر پاراخوت ئۈچۈن تەخمىنەن 50 مىليون گاللون تاتلىق سۇ تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭلاشقا، ھەر قېتىم قانال قاپقىسى ئېچىلغاندا، مىليون گاللونلىغان تاتلىق سۇ دېڭىزغا قايتىپ كېلىدۇ ۋە ئاخىرىدا يۇقىرى ئېقىندىكى ئىككى سۈنئىي كۆلگە يىغىلغان يامغۇر سۈيى ئۆلارنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ. لېكىن، ھازىر پانامادا قۇرغاق پەسلىنىڭ كۆرۈلۈش چاستوتىسى بارغانسېرى يۇقىرىلاپ كېتىۋاتقان بولۇپ، ھازىر ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم قۇرغاق پەسىل كۆرۈلمەكتە. ھازىر، 2023 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن 4 ـ ئايغىچە بولغان مەزگىل يېقىنقى نەچچە ئون يىلدىن بۇيانقى ئەڭ قۇرغاق يامغۇر پەسلىنىڭ بىرى دەپ بېكىتىلدى. قانال ۋە ئۇنىڭ ئىككى كۆلىنىڭ ئەتراپىدا ھۆل ـ يېغىن مىقدارى نورمال سەۋىيەنىڭ ئەللىك پىرسەنتىگە ـــ بەزى ئەھۋاللاردا ھەتتا 25 پىرسەنتكە ـــ چۈشۈپ قالدى.

كىشىنى ئەندىشىگە سالىدىغىنى، بۇ ئايلار يامغۇر پەسلىنىڭ باشلىنىشىغا توغرا كېلىۋاتقان بولۇپ، يامغۇر پەسلى يازدا كۆل سۈيىنىڭ تولۇقلىنىشىدا ئىنتايىن مۇھىم. لېكىن، ھۆل ـ يېغىن ئازىيىپ كەتكەنلىكتىن، ئالاجۇئېلا كۆلى بىلەن گاتۇن كۆلىدىكى سۇ زاپىسى ئېغىر دەرىجىدە خوراپ، پاناما قانىلىنى باشقۇرۇش ئورگىنى پاراخوتلارنىڭ يۈرۈشى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرنى تۈزىتىشكە مەجبۇر بولدى. 2023 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، قانال باشقۇرۇش ئىدارىسى چۆكۈش دەرىجىسىگە قارىتا تېخىمۇ قاتتىق چەكلىمىنى ئېلان قىلىپ، بۇ ئۆلچەمنى ئەسلىدىكى 15.24 مېتىرلىق نورمال سەۋىيەدىن 13.41 مېتىرغا تۆۋەنلەتتى. بۇ شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇكى، نورمال شارائىتتا، پاراخوتلار قانالدىكى سۇغا كىرگەندە، ئۇنىڭ سۇ ئاستىدىكى قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 15 مېتىر كېلەتتى، ھازىر بۇ ئۆلچەم 13 مېتىرغا تۆۋەنلىتىلدى (يەنى پاراخوتقا بېسىشقا بولىدىغان يۈكنىڭ مىقدارىنى ئازايتىشقا توغرا كەلدى). ئەگەر قۇرغاقچىلىق داۋاملاشسا، بۇ ئۆلچەم تېخىمۇ تۆۋەنلىشى مۇمكىن.

چۆكۈش دەرىجىسىدىكى ئالتە فۇت (تەخمىنەن 1.8 مېتىر) پەرق ئاڭلىماققا ئەرزىمەستەك تۇيۇلىدۇ، ئەمما ئۇ دېڭىز ترانسپورتى ساھەسىگە غايەت زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئالدى بىلەن، چۆكۈش دەرىجىسىگە قويۇلغان قاتتىق چەكلىمە تۈپەيلى، دېڭىز ترانسپورتى شىركەتلىرى كونتېينېرلارنى ئەسلىدىكىدىن ئاز بېسىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇكى، ئەمدى كونتېينېر پاراخوتلىرى ھەر قېتىمدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئەسلىدىكىدىن قىرىق پىرسەنت يۈكنى ئاز باسىدۇ، ئەسلىدە بىر پاراخوتقا لىق بېسىلغان يۈكنى ئەمدىلىكتە ئىككى قېتىمدا توشۇشقا توغرا كېلىدۇ.

يەرشارى سودىسىنىڭ تەخمىنەن ئالتە پىرسەنتى پاناما قانىلىدىن ئۆتىدىغان بولۇپ، ھەر كۈنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 32 دىن 38 گىچە پاراخوت پاناما قانىلى ئارقىلىق ئاتلانتىك ئوكيان بىلەن تىنچ ئوكيان

ئارىسىدا قاتناپ تۇرىدۇ. ئۇنداقتا ئەگەر سۇنئىي كۆلدىكى سۇ ئورنى بەكلا تۆۋەنلەپ، پاراخوتلارنىڭ قاتنىشىنى خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويسا، ئەھۋال قانداق بولار؟ مەسىلەن، سۇنىڭ تېيىزلىقى سەۋەبلىك پاراخوت توختاپ قالسىچۇ؟ سودا نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇنىڭ تەسىرى غايەت زور بولىدۇ. 2021 ـ يىلى سۇۋەيش قانىلىنىڭ ئالتە كۈن ئېتىلىپ قالغانلىقى ئېسىڭىزدىمۇ؟ ئەينى چاغدا قانال توسۇلۇپ قالغان ھەربىر سائەت تەخمىنەن 400 مىليون دوللارلىق زىيانغا سەۋەب بولغانىدى.

ئەگەر بۇ خىل ئىش پاناما قانىلىدا يۈز بەرسە، ئالتە كۈن جەريانىدا كەم دېگەندە 228 پاراخوت قانالنىڭ ئەتراپىغا قاپسىلىپ قالىدۇ. بۇ ئامېرىكىنىڭ نېفىت ۋە تەبىئىي گاز ئىمپورتىغا تايىنىدىغان ياپونىيە، كورېيە ۋە تەيۋەن قاتارلىق ئامېرىكىنىڭ ئاسىيادىكى ئىتتىپاقداشلىرىغا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھالبۇكى، قاپسىلىپ قالغان پاراخوتلارنىڭ تەخمىنەن 73 پىرسەنتى ئامېرىكىدىن كەلگەن ياكى ئامېرىكىنى مەنزىل قىلغانلىقتىن، بۇ خىل ئەھۋالنىڭ ئامېرىكىغا بولغان تەسىرى تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ.

لېكىن، ئىقتىسادىي زىيان يەنىلا بۇ جەھەتتىكى ئەڭ چوڭ زىيان بولماسلىقى مۇمكىن. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئامېرىكىنىڭ ھىندى ـ تىنچ ئوكيان رايونىدا ھەربىي كۈچىنى جارى قىلدۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاجىزلىتىۋېتىشى مۇمكىن. پاناما قانىلى ئالدى بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئۆز زېمىنىنىڭ سىرتىدا ھەربىي كۈچىنى جارى قىلدۇرۇشىدىكى ئىستراتېگىيەلىك ئۆل مۇئەسسەسەدۇر. توقۇنۇش جەريانىدا، بۇ قانال ئەسكەر، قورال ـ ياراغ، ئايروپىلان ۋە پاراخوتلارنى ئوخشىمىغان ئۇرۇش رايونلىرى ئارىسىدا يۆتكەپ ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلگەنىدى. مەسىلەن، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە تەخمىنەن 16 مىڭ ئامېرىكا ئۇرۇش پاراخوتى مۇشۇ قانالنى ئىشلەتكەن. شۇنىڭدىن تەخمىنەن يىگىرمە يىلدىن كېيىن، 1968 ـ يىلى ۋيېتنام ئۇرۇشى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققاندا، ئامېرىكىنىڭ تەخمىنەن 1500 پاراخوتى يەنە مۇشۇ قانالدىن ئۆتكەن. بۇ قانال بىر مەھەل شۇ دەرىجىدە مۇھىملىشىپ كەتكەنكى، ۋيېتنامدىكى ئامېرىكا ئارمىيەسى ئىشلەتكەن ئوق ـ دورىنىڭ توقسان پىرسەنتى ۋە تەمىنات بۇيۇملىرىنىڭ ئوتتۇز پىرسەنتى مۇشۇ قانال ئارقىلىق توشۇلغان.

ھالبۇكى، بۇ قانالنىڭ ئىستراتېگىيەلىك قىممىتى توقۇنۇش جەريانىدا ئەمەس، بەلكى جىددىي ئەھۋاللاردا تېخىمۇ بەك گەۋدىلىنىدۇ. مەسىلەن، 1962 ـ يىلىدىكى كۇبا باشقۇرۇلىدىغان بومبا كرىزىسى مەزگىلىدە، ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى بىر كۈن ئىچىدىلا ئوتتۇز پاراخوتنى پاناما قانىلى ئارقىلىق تىنچ ئوكياندىن كارىب دېڭىزىغا يۆتكەشكە مۇۋەپپەق بولغان.

توماس مور (Thomas Moore)، روبېرت كارنېي (Robert Carney)، جورج ئاندېرسون (George Anderson) ۋە ئارلېي بۇرك (Arleigh Burke) قاتارلىق دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ سابىق ئۇرۇش قوماندانلىرىدىن بولغان تۆت نەپەر ئادمىرال شۇ چاغدىكى پرېزىدېنت جىممي كارتېرنى (Jimmy Carter) پاناما قانىلىنىڭ كونتروللۇقىنى پاناما ھۆكۈمىتىگە ئۆتكۈزۈپ بەرمەسلىككە ئۈندەپ يازغان خېتىدە مۇنداق دېگەن: «بىزنىڭ تەجرىبىمىز شۇكى، بىز ئاكتىپ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان جەريانىدا يۈز بەرگەن ھەر بىر كرىزىس

ـــ جۇملىدىن ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى، كورىيە يېرىم ئارىلىدىكى ۋە ۋيېتنامدىكى كرىزىس، شۇنداقلا كۇبا باشقۇرۇلىدىغان بومبا كرىزىسى ـــ جەريانىدا، دېڭىز ئارمىيەمىزنىڭ جىددىي يۆتكىلىشى ۋە قوراللىق كۈچلەرنى كەڭ كۆلەمدە ئارقا سەپ تەمىناتى بىلەن تەمىنلەش مەزكۇر قانالنىڭ قىممىتىنى كۈچلۈك نامايەن قىلغانىدى.»

ئامېرىكا خىتاينى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق ئىستراتېگىيەلىك رىقابەتچىسى دەپ تونۇۋاتقان بۇ پەيتتە، ئامېرىكا خىتاي بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغاندا ياكى 1962-يىلدىكى كۇبا كرىزىسىغا ئوخشاش كرىزىس يۈز بەرگەندە، پاناما قانىلى قانداق رول ئوينايدۇ؟ ئەگەر بۇ كرىزىس كىلىمات قاتتىق ئىسسىپ كەتكەن ۋە قۇرغاق ئايلارغا توغرا كېلىپ قېلىپ، قانالدىن ئۆتەلەيدىغان پاراخوت سانىغا چەك قويۇشقا توغرا كەلسە، ئەھۋال قانداق بولار؟

بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن، بىز ئالدى بىلەن تارىختىكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ۋەقەگە دىققىتىمىزنى ئاغدۇرۇشىمىز كېرەك. ئامېرىكانىڭ ئالدىنقى قېتىم تىنچ ئوكياندا ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىدىكى رەقىبى بىلەن تۇتۇشقان ۋاقتى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ياپونىيە بىلەن قىلغان ئۇرۇشىدۇر. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى باشلانغاندا، ياپونىيە ئامېرىكا ئۈچۈن ئاساسلىق دېڭىز تەھدىتى ھېسابلىناتتى. گەرچە گېرمانىيە ۋە ئىتالىيە دېڭىز ئارمىيەلىرى ئوتتۇرا دېڭىز ۋە شىمالىي دېڭىزدا راۋۇرۇس ئىقتىدارغا ئىگە بولسىمۇ، پەقەت ياپونىيە دېڭىز ئارمىيەسىلا ئامېرىكا زېمىنىغا بىۋاستە تەھدىت ئەكېلەلەيتتى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ دەسلىپىدە، ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ ئىككى ئوكيانغا بۆلۈنگەن 345 پاراخوتىغا قارشى ياپونىيە دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ تىنچ ئوكياندا 238 كاپىتال كېمىسى (capital ship ـــ ئۇ ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ دېڭىز ئارمىيەسىدىكى ئەڭ مۇھىم ئۇرۇش پاراخوتى بولۇپ، ئادەتتە باشقا دېڭىز پاراخوتلىرىدىن خېلى بەكلا چوڭ بولىدۇ، ھەمىشە دېڭىز فلوتىنىڭ بايراقدارى بولىدۇ، ت) بار ئىدى.

زامانىمىزدا بولسا، شى جىنپىڭنىڭ ھەربىي زامانىۋىلاشتۇرۇش چاقىرىقى ئاستىدا، خىتاي ئۆزىنىڭ دېڭىز ئارمىيەسىنى شىددەت بىلەن زورايتماقتا. گەرچە خىتاي دېڭىز ئارمىيەسى پاراخوتلىرىنىڭ ئومۇمىي تونناژى ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسىنىڭكىنىڭ يېرىمىغا توغرا كەلسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۇرۇش پاراخوتلىرى ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسىنىڭكىدىن ئاتمىشى كۆپ. ئەمما، بۇ جەھەتتە ئويلىنىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم نۇقتا شۇكى، خىتاي پەقەت (تىنچ ئوكياندىن ئىبارەت) بىرلا ئوكياندىن ـــ تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، رايوندىكى بىر قىسىم دېڭىزلاردىنلا ـــ ئەنسىرەيدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئامېرىكانىڭ ئاساسلىق فلوتلىرى ئاتلانتىك ئوكيان ۋە تىنچ ئوكيانغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، جىددىي ئەھۋال يۈز بەرگەندە ئىككى ئوكيان ئارىسىدا ماسلىشىش ئۈچۈن پاناما قانىلىغا تايىنىدۇ.

دېڭىز ئارمىيەسى ئاسپىرانتورىيەسىنىڭ 2022-يىلى نەشر قىلىنغان ئەسىرىدە، 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىكى سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسەن، ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ خىتاي بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغاندا پاناما قانىلىغا تايىنىش دەرىجىسى مۆلچەرلەنگەن بولۇپ، بۇ ھەقتىكى كۆرسەتكۈچ تولىمۇ يۇقىرى چىققان. بۇ

مۆلچەرلەرگە كۆرە، ئامېرىكا خىتاي بىلەن توقۇنۇشۇپ قالسا، ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسى پاراخوتلىرىنىڭ پاناما قانىلىدىن ئۆتىدىغان پاراخوتلىرىنىڭ سانى بىر يىلدا 28 مىڭدىن ئېشىپ، هازىرقى يىللىق ئومۇمىي مىقدارنىڭ ئىككى هەسسىسىگە يېتىدىكەن. ئەمما رېئاللىق شۇكى، كىلىمات ئۆزگىرىشى ۋە ئۇنىڭ بىر قاتار تەسىرلىرى سەۋەبىدىن، قانالدىكى قاتناش «قىستاڭچىلىقى» ئاللىقاچان خېلى يۇقىرى سەۋىيەگە چىقىپ بولدى. پاناما قانال باشقۇرۇش دائىرىلىرى هەر كۈنى قاپقىدىن بىخەتەر ئۆتەلەيدىغان پاراخوتلارنىڭ ئومۇمىي سانىنى ئىزچىل ئازايتماقتا. مەسىلەن، چۆكۈش دەرىجىسى 43 فۇتقا يېقىنلاشقاندا، پاناما قانال باشقۇرۇش دائىرىلىرى هەركۈنى قانالدىن ئۆتەلەيدىغان پاراخوتلارنىڭ سانىنىڭ 36~38 دىن 28 ـ 30 غا ئازىيىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بەرگەن تەقدىردە، پاناما قانىلى بىر ئۇرۇش رايونىدىن يەنە بىر ئۇرۇش رايونىغا ئەسكەر يۆتكەشتە ــــ بولۇپمۇ جىددىي ئەهۋاللاردا ــــ پەۋقۇلئاددە مۇهىم رول ئوينايدۇ. ئەگەر «مەرۋايىت پورتى» (پېرل خاربور) ۋەقەسىنىڭ يېڭى ۋارىيانتى گۇئام ئارىلىدا ياكى ئامېرىكانىڭ ياپونىيەدىكى دېڭىز ئارمىيە بازىسىدا يۈز بەرسە، ئەهۋال قانداق بولىدۇ؟ ئەگەر بۇنداق ئىش پاناما قانىلى قاتتىق قۇرغاقلاشقان ۋاقىتقا توغرا كېلىپ قالسىچۇ؟ چاتاق شۇكى، پاناما قانىلىدا مەسىلە كۆرۈلگەن تەقدىردە، ئامېرىكانىڭ نىسبەتەن ۋاقىت تېجەيدىغان زاپاس تاللىشى يوق. پاناما قانىلى ئېچىلىشتىن ئىلگىرى، شىمالىي مۇز ئوكياندىن ئۆتىدىغان غەربىي شىمال لىنىيەسى ۋە جەنۇبىي قۇتۇپقا تۇتىشىدىغان ماگېللان بوغۇزىدىن ئىبارەت ئىككى خىل تاللاش بار ئىدى. لېكىن، بۇ ئىككى لىنىيە ئۇزۇن بولۇپلا قالماي، كېمىلەرنىڭ بۇ لىنىيەلەرنى بېسىپ بولۇشىغا نەچچە هەپتە ۋاقىت جىق كېتەتتى ۋە سەرپ بولىدىغان يېقىلغۇمۇ شۇنىڭغا ماس هالدا كۆپ بولاتتى. شۇنداقلا، بوران ـ چاپقۇن، مۇز تاغ ۋە تۇمان قاتارلىقلار سەۋەبىلىك، بۇ تولىمۇ خەتەرلىك دېڭىز رايونلىرى ئىدى. بۇنىڭدىن سىرت، غەربىي شىمالىي لىنىيە ئامېرىكا بىلەن رۇسىيەنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى 83 كىلومېتىر كەڭلىكتىكى بېرىڭ بوغۇزىغا تايىنىدىغان بولغاچقا، ئاۋىياماتكا زەربە بېرىش گۇرۇپپىسىنى پاناما قانىلىغا تايانماي تۇرۇپ ئاتلانتىك ئوكياندىن شەرقىي ئاسىياغا يۆتكەشكە تېخىمۇ ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدۇ.

گەرچە ئاۋىياماتكا، سۇ ئاستى پاراخوتى قاتارلىق يادرو ئېنېرگىيەلىك پاراخوتلار ئەڭ يۇقىرى چارلاش سۈرئىتى ۋە مۇساپىسىدىن ئەنسىرىمەيلا ماڭالايدىغان بولسىمۇ، ئەمما ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ قوغلىغۇچى پاراخوت ۋە تەمىنات پاراخوتلىرىغا ئوخشاش ئەنئەنىۋى يېقىلغۇلۇق پاراخوتلىرى يەنىلا مۇساپە سەۋەبلىك سۈرئەتتىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، پاناما قانىلىدىن ئۆتۈش ــــ بولۇپمۇ جىددىي ئەهۋاللاردا ــــ بۇ پاراخوتلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇهىم. يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، قانال باشقۇرۇش دائىرىلىرى بىلەن ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ ئىنژېنېرلىرى بۇ قانالنىڭ كەم دېگەندە كەلگۈسى ئەللىك يىل ئىچىدە نورمال مەشغۇلات قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، يېڭى سۇ باشقۇرۇش سىستېمىسىنى لايىهەلەش ۋە قۇرۇش خۇسۇسىدا ئىككى مىليارد دوللارلىق پىلان تۈزمەكتە.

**لېكىن، تا ھازىرغىچە بۇ ھەقتە ھېچقانداق خىزمەت باشلانمىدى. يەنە كېلىپ، چوڭ كۆلەملىك ئۇل مۇئەسسەسەلەرنى ياخشىلاشقا كەم دېگەندە ئالتە يىل ۋاقىت كېتىدۇ. مەسىلەن، 2006-يىلدىكى تېخنىكا بىلەن، پاناما قانىلىنىڭ تېخىمۇ چوڭ قاپقىسىنى تاماملاشقا ئون يىلغا يېقىن ۋاقىت كەتكەنىدى. ئامېرىكا ئۈچۈن ئېيتقاندا، پاناما قانىلىدىن چەكلىمىسىز رەۋىشتە ئۆتۈشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۇنىڭ ھەم ئىقتىسادىي، ھەم ھەربىي كۈچى ئۈچۈن مۇھىم ئامىلدۇر.**

**پاناما قانىلى بىر تەرەپتىن ئامېرىكانىڭ شەرقىي دېڭىز قىرغىقى بىلەن ئاسىيا ئارىسىدىكى قاتناشقا كاپالەتلىك قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئامېرىكانى بىر ئۇرۇش رايونىدىن يەنە بىر ئۇرۇش رايونىغا تېز سۈرئەتتە يۆتكىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. خىتاي بىلەن بولغان كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان ئىستراتېگىيەلىك رىقابەتنى كۆزدە تۇتقاندا، پاناما قانىلى ئامېرىكانى ئۆزىنىڭ پۈتكۈل دېڭىز ئارمىيەسىنى ئۈنۈملۈك ماسلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە ئۆزگىچە ئىستراتېگىيەلىك ئەۋزەللىككە ئىگە قىلىدۇ. بۇ خىل ئەۋزەللىك جىددىي ئەھۋاللاردا تېخىمۇ بەك مۇھىم بولغاچقا، بۇ خىل ۋەزىيەت پاناما قانىلىنى خىتاي بىلەن بولغۇسى توقۇنۇشتىكى ئەڭ ھالقىلىق ئۇل مۇئەسسەسەلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندۇردى.**

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

**مەنبە:**

https://youtu.be/8FAVmdVYZLI?si=E-ZPR7CoZmqlGoq



# ساغلام ھايات ئۈچۈن مۇھىم كۆرسەتمىلەر

دوكتور ياۋۇز يۆرۆكئوغلى

# ساغلام ھايات ئۈچۈن مۇھىم كۆرسەتمىلەر

**پروفېسسور دوكتور ياۋۇز يۆرۈكئوغلى**

(تۈركىيەلىك داڭلىق يۈرەك ـ قان تومۇر كېسەللىكلىرى مۇتەخەسسىسى)

**سالامەتلىكىمىزگە، ئۆمرىمىزگە تەسىر كۆرسىتىدىغان نۇرغۇن ئامىللار بار بولۇپ، بۇ ئامىللار ئۆمرىمىزنى ئاز ـ ئازدىن خورىتالايدۇ. خەۋپ ئامىللىرىغا نەزەر سالغىنىمىزدا، بۇلاردىن بىرى ياكى بىر قانچىسىنىڭ زىيىنى ئانچە چوڭ بولماسلىقى مۇمكىن. لېكىن، بۇ خەۋپ ئامىللىرى جۇغلانسا، سالامەتلىكىمىزگە ئىجابىي ياكى سەلبىي جەھەتتىن تەسىر كۆرسەتكۈدەك يوشۇرۇن كۈچكە ئىگىدۇر.**

**ئۇنداقتا، بۇ «خەۋپ ئامىللىرى» زادى قايسىلار؟ قانداق قىلغاندا بۇلارنى تىزگىنلەپ، تېخىمۇ ساغلام ھاياتقا ئىگە بولالايمىز؟**

**ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنى ئويلىساق، ئالدى بىلەن ئۆمرىمىزنى «قىسقارتىۋېتىدىغان» خەۋپ ئامىللىرىنى بىلىۋېلىشىمىز لازىم. بۇ خۇسۇستا قىلىنىشى ئەڭ زۆرۈر بولغان ئىش ئومۇمىيۈزلۈك بەدەن تەكشۈرتۈشتۇر. بۇ تەكشۈرۈش ئارقىلىق سالامەتلىك ئەھۋالىمىزنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا مەۋجۇت مەسىلىلەرنىڭ قايسىلىرىنى ھەل قىلالايدىغانلىقىمىزنى بىلىۋالالايمىز. ئەڭ ئادەتتىكى قان تەكشۈرۈشمۇ بىزگە ئومۇمىي سالامەتلىك ئەھۋالىمىز ھەققىدە ئىنتايىن مۇھىم ئۇچۇرلارنى بېرەلەيدۇ. بۇ خۇسۇستا تەكشۈرتۈلۈشى كېرەك بولغان تۈرلەر تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:**

**قان شېكىرى**

**خولېستېرول ئەھۋالى**

**سۈيدۈك كىسلاتاسى**

**جىگەر ئىقتىدارى تەكشۈرۈشى (ALT, AST)**

**بۆرەك ئىقتىدارى تەكشۈرۈشى (urea, Creatinine, GFR)**

**قالقان بەز ئىقتىدارى تەكشۈرۈشى (TSH, T3, T4)**

**ئومۇمىيۈزلۈك قان ھۈجەيرىسى تەكشۈرۈشى (complete blood count)**

**يۇقىرىقى تەكشۈرۈشلەردىن سىرت، قان بېسىمىنى ئۆلچىتىش، ئېلېكترو كاردىئوگرامما تەكشۈرۈشى قىلدۇرۇش ۋە ئۆپكىنى رېنتگېندا تەكشۈرتۈش تولىمۇ پايدىلىقتۇر. يېشىڭىز ۋە سالامەتلىك ئەھۋالىڭىزغا**

كۆرە، دوختۇر سىزنى تېخىمۇ كۆپ تەكشۈرتۈشلەرگە بۇيرۇشى مۇمكىن، تەكشۈرتۈشلەرنىڭ نەتىجىسىدە سالامەتلىك جەھەتتە، مېتابولىزم جەھەتتە قايسى سەۋىيەدە ئىكەنلىكىڭىزنى بىلەلەيسىز.

ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنى ئويلايدىغانلار ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ئامىللاردىن بىرى بەدەن ئېغىرلىقىنى ئىدېئال ھالەتتە ساقلاشتۇر. ئىلگىرىمۇ دەپ ئۆتكىنىمدەك، بەدەن ئېغىرلىقىنىڭ مۇۋاپىق ياكى ئەمەسلىكىنى ئۆلچەشنىڭ ئەڭ ئىلمىي ئۇسۇللىرىدىن بىرى بەل ئايلانمىسى ـ بوي ئېگىزلىكى نىسبىتىنى ھېسابلاشتۇر. ئەگەر بۇ نىسبەت 0.5~0.55 ئارىسىدا بولسا، بەدەن ئېغىرلىقىڭىز ئىدېئال سەۋىيەدە بولغان بولىدۇ. (يەنى بەل ئايلانمىسىنى بوي ئېگىزلىكىگە بۆلۈش. مەسىلەن، بەل ئايلانمىڭىز 90 سانتىمېتىر، بوي ئېگىزلىكىڭىز 170 سانتىمېتىر بولسا، 90 نى 170 كە بۆلۈش ئارقىلىق بەدەن ئېغىرلىقىڭىزنىڭ مۇۋاپىق ياكى ئەمەسلىكىنى يۇقىرىقى نىسبەتكە سېلىشتۇرۇپ بىلەلەيسىز. ـ ت)

ساغلام ھاياتنىڭ ئەڭ مۇھىم ئۆلچىمى ھەرىكەتتۇر. ئاللاھ ئىنسانلارنى ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدىغان قىلىپ ياراتقان. ئەمما، ئىلمىي تەتقىقاتلارغا كۆرە، يېقىنقى بىر ئەسىر مابەينىدە، ئىنسانلارنىڭ ھەرىكەت سەۋىيەسى ئاتمىش پىرسەنتكە يېقىن ئازايغان. زامانىۋى ھايات بىزگە نۇرغۇن قولايلىقلارنى ئەكېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەرىكەتچانلىقىمىزنى تۆۋەنلەتمەكتە ۋە شۇنىڭغا ئالاقىدار بىر تالاي مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقارماقتا. ھەرىكەتچانلىقنىڭ تۆۋەنلىشى دۇنيا مىقياسىدا كۆرۈلۈۋاتقان سېمىزلىك، ئىنسۇلىن قارشىلىقى ۋە دىيابىت قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرىدۇر. شۇ ۋەجىدىن، بارلىق ئىلمىي تەتقىقاتلاردا، ھەرىكەتنىڭ ساغلام ھايات ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە زۆرۈر ئىكەنلىكى تەكىتلەنمەكتە.

ھەرىكەتچانلىق سەۋىيەسى جەھەتتە، ئۇزۇن مۇددەت كۈندە ئون مىڭ قەدەمدىن مېڭىش «ئالتۇن ئۆلچەم» ھېسابلىنىدۇ. يېقىندا مەن كۈندە بۇنچىلىك يول مېڭىش ئىمكانىيىتى بولمىغان تەقدىردە، ھەپتىدە ئىككى ئۈچ كۈن سەككىز مىڭ قەدەمدىن يول مېڭىشنىڭمۇ سالامەتلىك ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدىم. ئەگەر سىزدە سېمىزلىك، ئىنسۇلىن قارشىلىقى ياكى دىيابىت كېسىلى بار بولسا، ئۇنداقتا قەدەم سانىنى تېخىمۇ كۆپەيتىشىڭىز سىز ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. بىر قانچە يىل ئىلگىرى بۇ خۇسۇستا مۇنداق دېگىنىم ئېسىمدە: «ئەگەر ھەرىكەت قىلىشنىڭ ھەربىر تۈرلۈك پايدىسى ئۈچۈن بىردىن دورا يېپىشكە توغرا كەلسە، كۈندە يىگىرمە بەش خىل دورا يېپىشكە مەجبۇر بولغان بولاتتۇق.»

سالامەتلىكىمىزگە ئىنتايىن كۈچلۈك تەسىرى بار، «ئۆمۈر قىسقارتقۇچى» خەۋپ ئامىللىرىدىن بىرى تاماكىدۇر. تاماكا ئۆپكە راكى، دوۋساق راكى قاتارلىق نۇرغۇن راكلارنىڭ ۋە يۈرەك ـ قان تومۇر كېسەللىكلىرىنىڭ، شۇنداقلا سوزۇلما كەپلەشمە خاراكتېرلىك ئۆپكە كېسەللىكلىرىنىڭ (Chronic

(obstructive pulmonary disease) ئەڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىدىن بىرى بولۇپ، بۇ ھەقىقەت توغرىسىدا ھېچقانداق ئىختىلاپ يوق.

تاماكىنىڭ ئۆمرىمىزنى ئون يىل قىسقارتىۋېتىدىغانلىقى شەكسىز. شۇڭا ئەگەر تاماكا چەكمىگەن بولسىڭىز، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھەرگىز چېكىپ قالماڭ. ئەگەر چېكىۋاتقان بولسىڭىز تاشلاشقا قەتئىي بەل باغلاڭ. ئەگەر دەماللىققا تاشلىيالمىسىڭىز، سانىنى ئازايتىپ بولسىمۇ تاشلاشقا ھەرىكەت قىلىڭ.

ئۆمۈر «قىسقارتقۇچى» يەنە بىر خەۋپ ئامىلى ھاراقتۇر. ئامېرىكا «راك جەمئىيىتى» ھاراقنى بىرىنچى دەرىجىلىك راك پەيدا قىلغۇچى ماددا (carcinogen) قاتارىغا تىزغان. ھاراق ئىچىش قىزىلئۆڭگەچ، ئاشقازان، ئاشقازان ئاستى بېزى، ئۈچەي، جىگەر ۋە كۆكرەك راكى بىلەن بىۋاستە باغلىنىشلىقتۇر.

يەنە بىر تەرەپتىن، ھاراق جىگەرنى ماي قاپلاش، جىگەر ئىقتىدارىنىڭ ئاجىزلىششى، جىگەر قېتىش، ئىنسۇلىن قارشىلىقى ۋە دىيابىت قاتارلىق كېسەللىكلەرگە سەۋەب بولىدىغان ئەڭ ئاساسلىق ئامىللاردىن يەنە بىرىدۇر.

ھاراقنىڭ ئەڭ «يېنىك» زىيانلىرىدىن بىرى كالورىي تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزۇش ئارقىلىق، ئادەمنى سەمرىتىۋېتىدىغانلىقىدۇر. ھاراقتىن قوبۇل قىلىنغان ئارتۇقچە كالورىي تۆگىتىلمىگەن تەقدىردە، بەدەندە ياغقا ئايلىنىپ، كىشىنى سەمرىتىدۇ ۋە باشقا خەۋپلەرگە دۇچار قىلىدۇ.

بۇنىڭدىن سىرت، ھاراقنىڭ مېڭىگە سالىدىغان زىيىنى توغرىسىدىمۇ توختالماي بولمايدۇ. ھاراق ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بىرىنچى دەرىجىلىك «نېراۋ زەھىرى»دۇر. ھاراق ئىچىش مېڭىنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدىكى نېرۋا ھۈجەيرىلىرىنى ۋەيران قىلىدىغان بولۇپ، ئۇزۇن مۇددەت ھاراق ئىچىشنىڭ ئالزھايمېر ۋە پاركىنسون كېسەللىكلىرى بىلەن بىۋاستە باغلىنىشى بارلىقى ئىسپاتلاندى. يۇقىرىقى سەۋەبلەردىن تۈپەيلى، ھاراقتىن يىراق تۇرۇشنىڭ ئىنتايىن كۆپ پايدىسى بار.

سالامەتلىكىمىزگە زىيان سالىدىغان يەنە بىر ئامىل پىششىقلاپ ئىشلەنگەن كاربون ھىدراتلاردۇر (carbohydrate). «پىششىقلاپ ئىشلەنگەن كاربون ھىدراتلار» شېكەر، تاتلىق تۇرۇملەر ۋە ئاق ئۇندا قىلىنغان (نان دېگەندەك) نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇلارنى قەتئىي يېمەسلىك كېرەك دېگىلى بولمايدۇ. ئەمما، بۇلارنى يېيىش مىقدارىنى مۇۋاپىق تەڭشەش سالامەتلىككە پايدىلىقتۇر. بۇ خىل يېمەكلىكلەرنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتىنى «ئوزۇقلۇق قىممىتى بولمىغان يۇكسەك كالورىينى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى» دەپ خۇلاسىلەشكە بولىدۇ.

يۇقىرىدىمۇ ئېيتىپ ئۆتكىنىمىدەك، بەدىنىمىزدە تۆگىتىلمىگەن كالورىيلار مېتابولىزم سىستېمىمىز تەرىپىدىن ياغقا ئايلاندۇرۇلۇپ ساقلىنىدۇ ـ دە، نەتىجىدە ئىنسان سەمىرىدۇ، جىگىرىنى ماي قاپلايدۇ، ئىنسۇلىن قارشىلىقى ۋە دىيابىتقا ئوخشاش بىر تالاي كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولىدۇ.

كىشىلەر دائىم مەندىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن كاربون ھىدرات تۆرىدىكى يېمەكلىكلەرنىڭ قانچىلىك ئىستېمال قىلىنىشى كېرەكلىكىنى سورىشىدۇ. بۇنىڭ جاۋابى شۇكى:

كۈندە ئىككى ـ ئۈچ ئىستاكان چايغا ياكى قەھۋەگە بىرەر تالدىن قەنت سالسىڭىز، بۇنىڭدا ھېچقانچە مەسىلە بولماسلىقى مۇمكىن. ئەمما، كۈندە بەش ـ ئالتە ئىستاكان چاي ياكى قەھۋە ئىچىپ، ھەر ئىستاكانغا ئىككى ـ ئۈچ تالدىن قەنت سالسىڭىز، بۇنىڭدا ئېنىقلا مەسىلە كۆرۈلىدۇ.

ھەپتىدە بىر ـ ئىككى قېتىم بولكا ياكى باشقا پىشۇرۇقلارنى يېسىڭىز بۇنىڭدا مەسىلە كۆرۈلمەيدىغەندىمۇ، ئەگەر بۇ نەرسىلەرنى كۈندە بىر ـ ئىككىدىن يېگىلى تۇرسىڭىز، مەسىلە كۆرۈلۈشى ئېنىق.

شۇنداقلا، گاھىدا نان يېسىڭىز مەسىلە كۆرۈلمەيدىغەن بىلەن، كۈندە ئۈچ ۋاخ تاماقتا بىر ـ ئىككى پارچىدىن نان يېگىلى تۇرسىڭىز، بەدىنىڭىزدە جەزمەن مەسىلە كۆرۈلۈشى شەكسىز.

تاتلىق ـ تۈرۈملارنىمۇ ئاندا ـ ساندا، ھەپتىدە بىر ـ ئىككى قېتىم يەپ قالسىڭىز، بۇنىڭدا چوڭ مەسىلە يوق. ئەمما، ھەركۈنى بىرەر پارچىدىن تاتلىق ـ تۈرۈم يېسىڭىز، تولىمۇ ئېغىر ئاقىۋەتلەرگە دۇچار بولماي قالمايسىز.

يەنە بىر جەھەتتىن، كىشىلەر تۈرلۈك كاربون ھىدراتلارنى بىر ـ بىرىگە ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ. كاربون ھىدرات ئەسلىدە بىزنىڭ ئېنېرگىيە مېتابولىزمىمىزنىڭ ئاساسلىق «يېقىلغۇسى» بولۇپ، بۇ يەردە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى كاربون ھىدراتلارنىڭ تۈرلىرىنى پەرقلەندۈرۈشتۇر. شېكەرلىك ئىچىملىكتىكى شېكەرمۇ كاربون ھىدرات؛ باكلاۋا (تۈركچە تاتلىق تۈرۈملاردىن بىرى)دىكى خېمىرمۇ كاربون ھىدرات، بۇلغۇر پولوسىنىڭ تەركىبىدىكىمۇ كاربون ھىدرات، ئەمما بۇلارنىڭ بەزىلىرى (مەسىلەن، ئىچىملىكتىكى، باكلاۋادىكى كاربون ھىدرات) ئىنتايىن زىيانلىق، يەنە بەزىلىرى (مەسىلەن، بۇلغۇردىكى كاربون ھىدرات) پايدىلىقتۇر. شۇ ۋەجىدىن، تۈرلۈك كاربون ھىدراتلارنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش كېرەك.

مېتابولىزمىمىزنىڭ ئۇزۇلۇق يېقىلغۇسى بولغان مۇرەككەپ كاربون ھىدراتلارنى (complex carbohydrate) چوقۇم ئىستېمال قىلىشىمىز كېرەك. ئۇنداقتا، مۇرەككەپ كاربون ھىدرات نېمىلەرنى كۆرسىتىدۇ؟

بۇ تۈردىكى كاربون ھىدراتلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق مەنبەلىرىدىن بىرى ئالدى بىلەن (بۇلغۇر، بۇغداي، قوناق، ئاققوناق، سۇلۇ قاتارلىق) تولۇق دانلىق زىرائەتلەردۇر. تولۇق دانلىق زىرائەتلەرنىڭ ئەڭ ياخشى مىسالى بۇلغۇردۇر. بۇنىڭدىن سىرت، يېسىمۇق، كۆك پۇرچاق ۋە نوقۇت قاتارلىق پۇرچاق تۈرىدىكىلەرمۇ

ئىنتايىن سۈپەتلىك مۇرەككەپ كاربون ھىدرات مەنبەسىدۇر. مۇرەككەپ كاربون ھىدراتلارغا يەنە قۇرۇق يېمىشلەرنى مىسال قىلىش مۇمكىن. قۇرۇق يېمىشلەرنىڭ تەركىبىدە يەنە مول مىقداردا تالا ماددىسى ۋە تويۇنمىغان ياغلار بار. ئىلمىي تەتقىقاتلار، پۇرچاق تۈرىدىكىلەرنى دائىم ئىستېمال قىلىشنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشكە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە.

بۇ خۇسۇستىكى مۇھىم نۇقتىلارنى مۇنداق خۇلاسىلەش مۇمكىن:

شېكەرنى، تاتلىق-تۈرۈمنى ۋە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ئۇن بىلەن پىشۇرۇلغان خېمىرلىق نەرسىلەرنى ئاز يەڭ.

شېكەرلىك ئىچىملىكلەردىن يىراق تۇرۇڭ.

ساغلام بولغان مۇرەككەپ كاربون ھىدراتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زىرائەتلەر، پۇرچاق تۈرىدىكىلەر ۋە قۇرۇق يېمىشلەر چوقۇم يېمەكلىكلىرىڭىزنىڭ مۇھىم بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىشى كېرەك.

سالامەتلىكىمىزگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان يەنە بىر ئامىل ھايۋان مەنبەلىك ئاقسىل ۋە ياغلاردۇر. گەرچە ھايۋان مەنبەلىك ئوزۇقلۇقلار يېمەكلىكلىرىمىزنىڭ مۇھىم بىر قىسمىنى تەشكىل قىلسىمۇ، ئەمما بۈگۈنكى دۇنيادا كىشىلەرنىڭ ھايۋان مەنبەلىك ئاقسىلنى ھەددىدىن ئاشۇرۇپ ئىستېمال قىلىۋاتقانلىقى كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان رېئاللىقتۇر.

ئىلگىرىمۇ كۆرستىپ ئۆتكىنىمدە، ھايۋان مەنبەلىك ئاقسىل ۋە ياغلارنىڭ تۆۋەندىكىدەك زىيانلىرى بار:

ھايۋان مەنبەلىك ئاقسىللار ئۆز تەركىبىدىكى تويۇنغان ياغلار ۋە خولېستېرول سەۋەبلىك تومۇرنىڭ قېتىشىغا ۋە سوزۇلما يۈرەك-قان تومۇر كېسەللىكلىرىگە زېمىن ھازىرلايدۇ.

ھايۋان مەنبەلىك ئاقسىللارنى ھەزىم قىلىشتىن مەيدانغا كەلگەن ئامىنو كىسلاتالىرى (Amino acid) جىگەردىن IGF 1 ھورمونىنىڭ ئاجرىلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ. بۇ ھورمون ھۈجەيرىلىرىمىزنىڭ چوڭىيىشىغا ۋە بۆلۈنۈشىگە سەۋەب بولۇپ، راك كېسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھايۋان مەنبەلىك ئاقسىللارنى كۆپ ئىستېمال قىلىش بىلەن راك كېسىلى ئارىسىدا بىۋاستە باغلىنىش بار.

ھايۋان مەنبەلىك ئاقسىللارنى ھەزىم قىلىشتىن مەيدانغا كەلگەن ئامىنو كىسلاتالىرى ھۈجەيرىلىرىمىزدىكى ئوتوفاجىغا (autophagy ــــ ھۈجەيرىلەرنىڭ لىزوزوما مېخانىزمى ئارقىلىق، زىيانغا ئۇچرىغان ھۈجەيرە ئەزالىرىنى، خاتا قاتلانغان ئاقسىللارنى ۋە باشا چوڭ مولېكۇلىلىق ماددىلارنى لىزوزوماغا يەتكۈزۈپ، دېگراداتسىيە قىلىش ۋە قايتا پايدىلىنىش جەريانى، ت) توسقۇنلۇق قىلىدىغان ۋە قېرىشقا سەۋەب بولىدىغان ئامىلدۇر.

ھايۋان مەنبەلىك ئاقسىللارنىڭ ئەڭ ئېنىق بىلىنگەن نەتىجىلىرىدىن بىرى قاندىكى سىيدۈك كىسلاتاسى سەۋىيەسىنى ئاشۇرىدىغانلىقىدۇر. سىيدۈك كىسلاتاسى يەللىك بوغۇم ئاغرىقىغا سەۋەب بولۇشتىن سىرت، يۈرەك قان بېسىمى، دىيابىت ۋە بۆرەككە تاش چۈشۈش قاتارلىق كېسەللىكلەر ئۈچۈنمۇ خەۋپ ئامىللىرىدىن بىرىدۇر.

سالامەتلىكىمىز ئۈچۈن تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك ئامىللاردىن بىرى ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرغۇچى ماددىلاردۇر. شۇ ۋەجىدىن، تەركىبىدە ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرغۇچى ماددىلار مول بولغان يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىشقا ئادەتلىنىشىمىز كېرەك. ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرغۇچى ماددىلار ھۈجەيرىلىرىمىزنى ئۆپىراشتىن، DNA بۇزۇلۇشىدىن ۋە قېرىشتىن قوغدايدىغان ئىنتايىن مۇھىم ئوزۇقلۇق ماددىسىدۇر. ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرغۇچى ماددىلارنىڭ يېگانە مەنبەسى ئۆسۈملۈك مەنبەلىك يېمەكلىكلەر بولۇپ، ھايۋان مەنبەلىك يېمەكلىكلەردە ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرغۇچى ماددىلار يوق. تەركىبىدە ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرغۇچى ماددىلار مول بولغان يېمەكلىكلەر مېۋە، كۆكتات ۋە سالات قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. ياخشى يېرى، بۇ يېمەكلىكلەرنىڭ تەركىبىدە يەنە مول مىقداردا ۋىتامىن ۋە تالالار مەۋجۇتتۇر. ئامېرىكا سەھىيە مىنىستىرلىقى ۋە بۇ ساھەدىكى باشقا نوپۇزلۇق ئاپپاراتلار كۈندە بەش ئۈلۈش (portion ـــ بىر ئۈلۈش مېۋە ياكى كۆكتات سەكسەن گىرام بولۇپ، بەش ئۈلۈشى 400 گىرام بولىدۇ، ت) ئۆسۈملۈك مەنبەلىك يېمەكلىك ئىستېمال قىلىشنى تەۋسىيە قىلماقتا.

تەركىبىدە ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرغۇچى ماددىلار ئەڭ مول بولغان بەزى يېمەكلىكلەر تۆۋەندىكىلەردۇر:

گۈلكەرەم (broccoli)

پالەك

كەنگەر (Artichoke)

تاراتىزىق (Arugula)

شوخلا (پەمدۇر)

قىزىلچا

قىزىل كاپۇستا

پۇرچاق تۈرىدىكىلەر

ئانار

شاتۇت

كۆك ئۆرۈك (blueberry)

بۆلجۈرگەن

تۆرلۈك دورا ـ دەرمانلار

يۇقىرىقىلارنى كۆنلۈك يېمەكلىرىمىزنىڭ ئايرىلماس تەركىبىگە ئايلاندۇرۇش سالامەتلىكىمىز ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم.

ئۆسۈملۈك مەنبەلىك يېمەكلىكلەرنىڭ گېپى بولۇنغاندا، تالالار ھەققىدە توختالماي بولمايدۇ. تالالار سالامەتلىكىمىز ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ئامىللاردىن بىرىدۇر. تۆرلۈك كۆكتات، سالات ۋە مېۋىلەر، شۇنداقلا پۇرچاق تۈردىكىلەرنىڭ تەركىبىدە مول مىقداردا تالا بار. ئەسلىدە، ئىنسانلارنىڭ ھەزىم قىلىش سىستېمىسى تالالارنى ھەزىم قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس. ئۇنداقتا، بىز يەنە نېمە ئۈچۈن چوقۇم تالا ئىستېمال قىلىشىمىز كېرەك ۋە بۇ تالالار نېمە ئۈچۈن بۇنچە مۇھىم؟

چۈنكى، تالالار تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە:

ۋۇجۇدىمىزدىكى ساغلام پروبيوتىك باكتېرىيەلەرنى ئوزۇقلاندۇرىدۇ.

قەۋزىيەت ۋە بوغماق ئۈچەي راكىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

بەدەن ئېغىرلىقىنى تىزگىنلەشكە ياردەم قىلىدۇ.

خولېستېرول ۋە شېكەر مېتابولىزمىنى تەڭپۇڭلاشتۇرىدۇ.

ئادەتتە، ساغلام ھايات ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئارزۇسى توغرىسىدا گەپ بولۇنغىنىدا، ئۇيقۇ ئانچە بەك تەكىتلىنىپ كەتمەيدۇ. ھالبۇكى، ئۇيقۇ ھاياتىمىزدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىللاردىن بىرىدۇر. ھاياتىمىزنىڭ ئۈچتىن بىرى ئۇيقۇ بىلەن ئۆتىدۇ. ئۇنداقتا، ئۇيقۇ نېمە ئۈچۈن بۇنچە مۇھىم؟

ئۇيقۇ ھەم ئومۇمىي بەدەن سالامەتلىكى، ھەم مېڭىنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە مۇھىم. ئۇيقۇ بەدىنىمىز ۋە مېڭىمىز ئارام ئالىدىغان جەريان بولماستىن، ئەكسىچە ھورمون ۋە بىيوخىمىيە جەھەتتە تولىمۇ ئاكتىپ بىر جەرياندۇر. ئۇيقۇ جەريانىدا بەدىنىمىز خۇددى كومپيۇتېرغا ئوخشاش ئۆزىنى «قايتىدىن قوزغىتىدۇ». يەنى زۆرۈر ئۇچۇرلارنى تۈرلەرگە ئايرىپ ساقلىۋالىدۇ ۋە كېرەكسىز ئۇچۇرلارنى «ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ». ئۇيقۇ ئەنە شۇ رەۋىشتە ئەسنى ۋە ئۆگىنىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدۇ.

بۇنىڭدىن سىرت، ئۇيقۇ جەريانىدا يۈز بېرىدىغان ئەڭ مۇھىم ۋەقە مېڭىمىزنىڭ مېڭە ـ يۇلۇن سۇيۇقلۇقى دېيىلىدىغان سۇيۇقلۇق ئارقىلىق يۇيۇلىشىدۇر. بۇ «يۇيۇلۇش» جەريانىدا، كۈندۈزدە مېڭىدە شەكىللەنگەن توكسىنلار تازىلىنىدۇ، شۇنداقلا ئالزھايمېر قاتارلىق سوزۇلما مېڭە زەئىپلىشىش كېسەللىكلىرىگە سەۋەب بولىدىغان پاتالوگىك ئاقسىللارمۇ (Pathological protein) بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. ئۇيقۇ جەريانىدا يۈز بېرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئۆزگىرىشلەردىن بىرى «ياشلىق ھورمونى» دەپ ئاتىلىدىغان سوماتوتروفىن (somatotropin) ھورمونىنىڭ ئاجرىلىپ چىقىشىدۇر. سوماتوتروفىن كىشىنىڭ يېشى چوڭايغان چاغدىكى

ھۆجەيرىلەرنىڭ يېڭىلىنىشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇ ھورموننىڭ كېچىچە ئاجرىلىپ چىقىشى نەتىجىسىدە، مېڭە ھۆجەيرىلىرىمىزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ھۆجەيرىلىرىمىز «تازىلىنىش» ۋە «رېمونت قىلىنىش» جەريانىنى باشتىن كەچۈرىدۇ. شۇڭا، مەيلى بەدەن، ياكى مېڭە ساغلاملىقىمىز ئۈچۈن، كۈندە يەتتە ـ سەككىز سائەت سۈپەتلىك ئۇخلىشىمىز كېرەك.

ئەڭ مۇھىم مەزمۇننى ئەڭ ئارقىغا قالدۇرغانىدىم. بۇ جەھەتتىكى ئەڭ مۇھىم ئىش روزا تۇتۇشتۇر.

روزا تۇتقاندا بەدەندە كۆرۈلىدىغان ئۆزگىرىشلەر تۆۋەندىكىچە:

قان شېكىرى ۋە ئىنسۇلىن سەۋىيەلىرى نورماللىشىدۇ.

ئىنسۇلىن قارشىلىقى تۆۋەنلەيدۇ.

قاندىكى تىرىگلىسېرىد ۋە خولېستېرول سەۋىيەلىرى تۆۋەنلەيدۇ.

ياللۇغلار ئازىيىدۇ.

«ياشلىق گېنى» دېيىلىدىغان سىرتۇئىن (Sirtuin) گېنلىرى ئاكتىپلىشىدۇ، سوماتوتروفىن ھورمونىنىڭ ئاجرىلىشى كۈچىيىدۇ.

ھەممىدىن مۇھىمى، ھۆجەيرىلىرىمىزدە ئوتوفاجى باشلىنىدۇ. ئوتوفاجى ھۆجەيرىلىرىمىزدىكى تازىلىنىش، يېڭىلىنىش ۋە ياشلىنىش ھەرىكىتىدۇر. ھۆجەيرىلىرىمىزنىڭ ساغلام ۋە ياش تۇرۇشىدا بۇنىڭ ئىنتايىن مۇھىم رولى بار.

يۇقىرىدىمۇ ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك، ھايات ئۇسلۇبىڭىزدىكى ئۇششاق ـ چۈششەك ناساغلام ئادەتلەر دەسلەپتە ئانچە مۇھىم بىلىنمەسلىكى مۇمكىن. لېكىن، بۇلار بىر يەرگە جۇغلانغاندا، چوڭ چاتاق چىقىرالايدۇ. ھەتتا، ھاياتىمىزدىن ئون يىل «ئوغرىلىۋېلىشى» مۇمكىن.

بۇنىڭدىن سىرت، ناساغلام ھايات ئۇسلۇبىمىزنى ساغلام ئۇسلۇبلارغا ئۆزگەرتىش ھاياتىمىزغا ئون يىل «قاتالايدۇ».

ماقالىمىزنىڭ مەزمۇننى خۇلاسىلىسەك:

ئومۇمىيۈزلۈك بەدەن تەكشۈرتۈش بولغۇسى خەۋپ ئامىللىرىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن ياخشى باشلىنىشتۇر.

بەدەن ئېغىرلىقىمىزنى ئىدېئال سەۋىيەدە تىزگىنلەش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز كېرەك.

ھەرىكەت ـــ ساغلام ھايات ئۈچۈن بولمىسا بولمايدىغان ئامىلدۇر.

ھەر كۈنى ئەڭ ئاز دېگەندە 45 مىنۇت ئوتتۇراھال سالماقتا مېڭىشىمىز كېرەك.

ھاراق ـ تاماكىدىن قەتئىي يىراق تۇرۇشىمىز كېرەك.

شېكەر، تاتلىق ـ تۈرۈم ۋە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن كاربون ھىدراتلارغا چەك قويۇشىمىز كېرەك.

ھايۋان مەنبەلىك ئاقسىل ۋە ياغ ئىستېمالىمىزغا چەك قويۇشىمىز كېرەك.

تەركىبىدە ئوكسىدلىنىشقا قارشى ماددىلار مول بولغان مېۋە، كۆكتات ۋە سالاتلار ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدىغان ئوزۇقلۇق ئادىتى يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك.

كۈندە يەتتە ـ سەككىز سائەت سۈپەتلىك ئۇخلاشقا ئادەتلىنىشىمىز كېرەك.


ھەپتىدە ئىككى ـ ئۈچ كۈن روزا تۇتۇپ، ۋۇجۇدىمىزدىكى «ياشلىق بۇلىقى» بولغان ئوتوفاجىنى ھەرىكەتلەندۈرۈشىمىز كېرەك.

ھايات ئۇسلۇبىمىزدىكى بۇ خىل ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئىسسىملىرىنى ئاتلاپلا قورقۇپ كەتمەڭ. چۈنكى، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىرلا ۋاقىتتا ئۆزگەرتىشىڭىز شەرت ئەمەس. ئاۋۋال ئۆزىڭىز قىلالايدىغان ئاسانلىرىدىن باشلاپ، بۇلارنى تەدرىجىي رېئاللىققا چىقىرىشقا ھەرىكەت قىلىڭ.

تۈركچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمە قىلدى

مەنبە:

https://youtu.be/uvwavDvxvvY?si=Tn6WJQSwnvfhRxli



# «كونا» پىكىرلەر نېمە ئۈچۈن مەخپىي قورال ھېسابلىنىدۇ؟

جېيمس كېلىر

# «كونا» پىكىرلەر نېمە ئۈچۈن مەخپىي قورال ھېسابلىنىدۇ؟

جېيمىس كىلىيېر

«نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»نىڭ ئەڭ بازارلىق كىتابلار تىزىملىكىدە بىرىنچى ئورۇندا تۇرغان «Atomic Habits» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى، بۇ كىتاب ئەللىك نەچچە خىل تىلغا تەرجىمە قىلىنىپ، دۇنيا مىقياسىدا توققۇز مىليون پارچىدىن ئارتۇق سېتىلغان

**1972 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، بىر قاتار پارتلاش سادالىرى سانت لۇيىس شەھرىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. تۈنجى بىنا شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە ئۆرۈلدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر نەچچە ئاي ئىچىدە يەنە ئوتتۇز نەچچە بىنا خارابىلىككە ئايلاندۇرۇلدى.**

**چېقىۋېتىلگەن بۇ بىنالار ھازىر مەغلۇبىيەتنىڭ ئۆرنىكى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدىغان «پرۇيىت ـ ئىگو» (Pruitt ـ Igoe) دېگەن تۇرالغۇ پروجېكتىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. پرۇيىت ـ ئىگو تۇرالغۇ پروجېكتى 1954 ـ يىلى باشلانغاندا، شەھەر بىناكارلىقىدىكى بۆسۈش دەپ قارالغانىدى. سانت لۇيىس شەھرىنىڭ شىمالىدا 57 ئاكىر (acre ــــ يۈز ئۆلچىمى بىرلىكى بولۇپ، بىر ئاكىر تەخمىنەن 4040 كۋادرات مېتىردۇر، ت) يەرنى ئىگىلىگەن پرۇيىت ـ ئىگو ئولتۇراق رايونى 33 ئېگىز بىنادىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئەتراپتىكى ئاھالىلەرنى ئۈچ مىڭغا يېقىن يېڭى تۇرالغۇ بىلەن تەمىنلىگەنىدى.**

**پرۇيىت ـ ئىگونىڭ لايىھەسىدە زامانىۋى بىناكارلىقنىڭ ئەڭ يېڭى ئىدىيەلىرى قوللىنىلغانىدى. لايىھەلىگۈچىلەر يېشىل بوشلۇققا ئەھمىيەت بېرىپ، بىنالارنى شەھەرنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان دەرىجىدە ئېگىز لايىھەلىگەنىدى. بۇ بىنالارغا پەقەت بىرىنچى، تۆتىنچى، يەتتىنچى ۋە ئونىنچى قەۋەتلەردىلا توختايدىغان «تاقلىما لىفت» (skip ـ stop elevator) ئورنىتىلغانىدى. (چۈنكى، بىناكارلار «كىشىلەر پەلەمپەي ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولسا، بىنالارغا كىرىپ چىقىدىغان ئادەم ئېقىمى ۋە قىستاڭچىلىقنى ئازايتقىلى بولىدۇ» دەپ قاراشقانىدى.) بۇ ئىمارەتلەرگە «بۇزۇلماس» چىراغلار ئورنىتىلغان بولۇپ، مېتال تور بىلەن قاپلانغان بۇ چىراغلار بۇزغۇنچىلىقنى ئازايتىش ئۈچۈن لايىھەلەنگەنىدى. ھەر قەۋەتكە كوللېكتىپ**

ئەخلەت قانىلى (garbage chute ــــ ھەرقايسى قەۋەتتىكى بەلگىلەنگەن ئېغىزلاردىن تاشلانغان ئەخلەتلەر ئەڭ ئاستىنقى قەۋەتتىكى ئەخلەتخانىغا يىغىلىدىغان تۇرۇبىسىمان سىستېما، ت) قويۇلغان ۋە كارىدورنىڭ يورۇق تۇرۇشى ئۈچۈن چوڭ دېرىزىلەر ئورنىتىلغانىدى.

نەزەرىيە جەھەتتىن، پرۇيت ـ ئىگو زامانىۋى قۇرۇلۇش سەنئىتىنىڭ نامايەندىسىدەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ بىر ئاپەت ئىدى.

## پرۇيت ـ ئىگونىڭ مەغلۇبىيىتى

قوشنا مەھەللىلەردىكى چاتاقچىلار پرۇيت ـ ئىگو قورۇسىدىكى بىنالارنىڭ چىراغلىرىنى چاقىدىلى بولمايدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلىپ، چىراغلارغا سۇ چاچقان ۋە نەتىجىدە چىراغلار قىزىپ كۆيۈپ كەتكەن.

كېيىنكى قەدەمدە، ئۇلار ئەخلەت قانالىلىرىنى بۇزۇپ، دېرىزىلەرنى چېقىۋەتكەن. بىر دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، يورۇق يېڭى كارىدورلاردا نۇرغۇن دېرىزىلەر چېقىۋېتىلگەن بولۇپ، «بىنانىڭ بىر تەرىپىدىن يەنە بىر تەرىپىنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدىغان» ھالەت شەكىللەنگەن.

ئەسلىدە سانت لۇيىس شەھەرلىك تۇرالغۇ باشقۇرۇش ئىدارىسى ئۆي ئىجارىسىدىن كىرگەن كىرىمنى بىنا ئاسراشقا ئىشلىتىشنى پىلانلىغانىدى. بۇ چوڭ پروجېكت باشلانغاندىن كېيىنكى بىر نەچچە يىلدا، كىشىلەر سانت لۇيىس شەھىرىدىن كۆچۈشكە باشلىغاچقا، شەھەرنىڭ نوپۇسى ئازايغان ھەمدە بۇ يېڭى ئولتۇراق رايوندىن ئۆي ئىجارىگە ئالغۇچىلار مۆلچەردىكىدىن ئاز بولغان ۋە بۇزغۇنچىلىق بارغانسېرى كۆپىيىپ، بىنالار رېمونتسىز قالغان.

ئۇزۇن ئۆتمەي، پرۇيت ـ ئىگونىڭ زامانىۋى لايىھەلىرى ئۇنىڭ چېكىنىشىنى تېخىمۇ تېزلىتىۋەتكەن. تاقلىما لىفتلار ئەخلاقلىق پۇقرالارنى خەتەرگە دۇچار قىلغان بولۇپ، ئۇلار ئۆز ئۆيلىرىگە كىرىپ ـ چىقىش ئۈچۈن قوشۇمچە كارىدورلاردىن ۋە خەتەرلىك پەلەمپەيلەردىن ئۆتۈشكە مەجبۇر بولغان. جىنايى قىلمىشلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەر بۇزۇلغان ۋە تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر كۆچۈپ كەتكەن. نەتىجىدە، بۇ تۇرالغۇلارنى ئىجارىگە بېرىشتىن قىلىنىدىغان تاپاۋەت ئازىيىپ كەتكەن.

1972 ـ يىلى، يەنى بۇ پروجېكت باشلىنىپ يىگىرمە يىلمۇ بولماستىن، سانت لۇيىس شەھەرلىك تۇرالغۇ باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلۇشقا 36 مىليون دوللار سەرپ قىلىنغان بۇ بىنالارنىڭ ھەممىسىنى پارتلاتقان.

كۆلىمى 57 ئاكىر كېلىدىغان، 33 بىنادىن تەركىب تاپقان پروۋېيت ـ ئىگونىڭ لايىھەسىدە شەھەرلەرنىڭ قانداق تەرەققىي قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئەنئەنىۋى بىلىملەرگە سەل قارالغان. يەرشارىدىكى گۈللەنگەن ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تەبىئىي رەۋىشتە، ئالدىن پىلانلىنىۋېلىنماستىن بەرپا قىلىنغان. بىنالار ئېھتىياجغا ئاساسەن سېلىنغان، شەھەرنىڭ كۆلىمىمۇ تەدرىجىي كېڭەيگەن.

بىزنىڭ كونا پىكىرلەرنىڭ قىممىتىنى تۆۋەن مۆلچەرلىۋېلىشىمىزنىڭ مۇنداق بىر قانچە سەۋەبى بار:

بىز مەلۇم بىر پىكىرنىڭ ئۆزۈندىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىغا قاراپلا، «ھەممە ئادەم بىلىدىغان قاراشلار تۈزۈك ئۈنۈم بەرمەيدۇ» دېگەن خاتا يەكۈننى چىقىرىمىز. يەنى «ھەممە ئادەمنىڭ شۇنداق قىلغىنىغا قارىغاندا، بۇ ئۇسۇلدىن تۈزۈكرەك نەتىجە كۆرۈلۈشى تەس ... شۇنداق ئەمەسمۇ؟» دەپ قارايمىز.

بۇ يەردە بىز چۈشىنىشتىن ئاجىز كەلگەن نۇقتا شۇكى، ئۇلۇق پرىنسىپلار نوقۇل ھالدا ياخشى پىكىرلەرنىڭ جۇغلانمىسىلا بولماستىن، ئۇلار مىڭلىغان تايىنسىز پىكىرلەرنى شاللىۋەتكەن ياخشى پىكىرلەرنىڭ جۇغلانمىسىدۇر.

مەسىلەن:

چېنىقىش جەھەتتە: نەچچە ئون يىل مابەينىدە سان ـ ساناقسىز چېنىقىش ئۇسۇللىرى مودا بولدى ۋە مودىدىن قالدى. يېڭىچە مەشىق ئۇسۇللىرى توختىماي ئوتتۇرىغا چىقىپ تۇرغان بولسىمۇ، بىر نەچچە يىلدىن كېيىنلا ئۇلارنىڭ ئورنىنى باشقا ئۇسۇللار ئىگىلىدى. بىز بەدەن چېنىقتۇرۇش جەريانىدا، ئەڭ يېڭى ۋە ئەڭ «نوچى» ئۇسۇللارنى قوغلاشقان بولساقمۇ، ئەمما ھەپتىدە ئۈچ قېتىم ئېغىرلىق كۆتۈرۈش ياكى كۈندە يول مېڭىشتەك «زېرىكىشلىك» ئۇلۇق مەشقلەر بارلىق مودا ئۇسۇللارنى شاللىۋېتىپ، تا بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلدى.

ئىگىلىك تىكلەش جەھەتتە: ئىگىلىك تىكلىگۈچى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن، مۇۋەپپەقىيەت بىلەن مەغلۇبىيەت ئارىسىدىكى پەرق «مەھسۇلاتلارغا خېرىدار ئىزدەش ئۈچۈن، تېخىمۇ كۆپ كىشىگە تېلېفون قىلىش» دېگەندەك ئاددىي ئۇلۇق قىلمىشلارغا باغلىق بولۇشى مۇمكىن. خۇددى Starfighter شىركىتىنىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى پاترىك ماكېنزىنىڭ (Patrick McKenzie) ئېيتقىنىدەك: «بىزنىڭ مەخپىي قورالىمىز <قىلىنىشى كېرەكلىكىنى ھەممە ئادەم بىلىدىغان ئىشلار>نى سەۋرچانلىق بىلەن قىلىشتۇر.»

كىتاب ئوقۇش جەھەتتە: بۇ يىلقى ئەڭ ياخشى سېتىلغان كىتابلارنىڭ تەڭدىن تولىسى بۈگۈن دانالىقتەك تۇيۇلىدىغان، ئەمما يېقىن كەلگۈسىدە خاتالىقى ئىسپاتلىنىدىغان پىكىرلەر بىلەن تولغان. بۇ كىتابلارنىڭ ئىچىدە ئون يىلدىن كېيىنمۇ داۋاملىق ئوقۇلىدىغانلىرى تولىمۇ ئاز. ۋاقىتنىڭ سىنىقىغا

بەرداشلىق بېرەلىگەن مۇشۇ ئاز ساندىكى كىتابلار دەل سىز ئوقۇشقا تېگىشلىك كىتابلاردۇر، چۈنكى ئۇلار ۋاقىت ئۆتمەس نادىر پىكىرلەر بىلەن تولغان. شۇ ۋەجىدىن، «كونا» كىتابلار بىباھا قىممەتكە ئىگىدۇر.

ئىلگىرىكىلەر قالدۇرغان بىلىمنىڭ قۇدرىتى

پرۇيىت ـ ئىگو ئولتۇراق رايونىنىڭ ئۇدۇلىدا «كار مەيدانى كەنتى» (Carr Square Village) دەپ ئاتىلىدىغان ئەنئەنىۋى ئولتۇراق رايون بار. پرۇيىت ـ ئىگوغا ئوخشىمايدىغىنى، «كار مەيدانى كەنتى» تېخىمۇ ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا لايىھەلەنگەن، پاكار بىنالاردىن تەركىب تاپقان كىچىك ئولتۇراق رايونىدۇر. پرۇيىت ـ ئىگودىن 12 يىل بۇرۇن سېلىنغان بۇ ئولتۇراق رايونى ئاخىرىدا پرۇيىت ـ ئىگونى شاللىۋەتكەن بولۇپ، بۇ ئىككى ئولتۇراق رايونى ئوخشاش بىر جايدا بولسىمۇ، ئەمما «كار مەيدانى كەنتى»دىكى جىنايەت ۋە قۇرۇق ئۆي نىسبىتى پرۇيىت ـ ئىگونىڭكىدىن تۆۋەن بولغان.

ئۇنداقتا، بۇ بىزنىڭ «ئۇللۇق پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش» نامىدا ئىجادىي تەپەككۇردىن ۋە يېڭىلىق يارىتىشتىن ۋاز كېچىشىمىز كېرەكلىكىدىن دېرەك بېرەمدۇ؟ ئەلۋەتتە ئۇنداق ئەمەس. ئەمما، مەن پرۇيىت ـ ئىگونىڭ ھېكايىسىنى ئىلگىرىكىلەر قالدۇرغان بىلىملەرنى تۆۋەن مۆلچەرلەش خاھىشىمىزنىڭ بىر مىسالى دەپ قارايمەن.

مەن يەنە شۇنى تەۋسىيە قىلماقچىمەنكى، ئۇللۇق ماھارەتلەرنى باشقىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ئىزچىل مەشىق قىلىش بەزىدە ئەڭ ئىجادىي چارىدۇر. كۆپىنچە كىشىلەر ئۆزىدە بار بولغان بىلىملەردىن تولۇق پايدىلانمايدۇ. ئىلگىرىمۇ ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك، «ھەممە ئادەم بىلىدۇ» بىلەن «ھەممە ئادەم قىلىدۇ»نىڭ ئارىسىدا ئاسمان ـ زېمىن پەرق بار.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://jamesclear.com/old-ideas



# خىتاينىڭ چوڭ پىلانىدىكى ئافغانىستان

ساھىر لىياقەت ۋە ئەبۇ ئابباسىي

# خىتاينىڭ چوڭ پىلانىدىكى ئافغانىستان

ساھىر لىياقەت ۋە ئەبۇ ئابباسىي

(بۇ ماقالە «دىپلومات» تورىدا ئېلان قىلىنغان)

خىتاينىڭ چوڭ ئىستراتېگىيەسى (grand strategy) ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى قوغداش، يەر شارىدىكى تەسىرىنى كېڭەيتىش ھەمدە ئۆز تېررىتورىيەسىدە ۋە ئەتراپىدا مۇقىملىقتا كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىق كۆپ خىل نىشانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇزۇنغا سوزۇلغان توقۇنۇش ۋە رايوندىكى ئۆزگىرىشچان ۋەزىيەتكە قارىتا، ئافغانىستاننىڭ مۇقىملىق ئىستىقبالى ئافغانىستاننى خىتاينىڭ ئومۇمىي ئىستراتېگىيەلىك نىشانىغا ماسلاشتۇرۇش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىنلىدى.

ئامېرىكانىڭ يىگىرمە يىللىق مەغلۇبىيەتلىك ئۇرۇنۇشتىن كېيىن ئافغانىستاندىن چېكىنىشى ۋە تالىباننىڭ قايتىدىن ھوقۇقنى قولىغا ئېلىشىغا ئەگىشىپ، ئافغانىستان نۆۋەتتە تولىمۇ ھالقىلىق پەيتتە تۇرماقتا. نۆۋەتتە ئافغانىستاننىڭ كېلەچىكى ئېنىقسىزلىققا تولغاندەك كۆرۈنۈۋاتقان بولۇپ، بۇ خىل سىجىل ئېنىقسىزلىق خىتاينى كۈچلۈك ئەندىشىگە سالماقتا. رايون مۇقىملىقىنى قوغداش جەھەتتىكى جىددىي ئېھتىياجغا قارىتا، خىتاينىڭ ئىنكاسى ئافغانىستان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى ساقلاشتىن مەنبەلەنگەن. شۇڭلاشقا، خىتاينىڭ ئاساسلىق ھەرىكەت تاكتىكىسى يوشۇرۇن خەۋپنى ئازايتىش ئۈچۈن ئافغانىستان بىخەتەرلىك تارماقلىرى بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پاكىستان ۋە تالىبان بىلەن بولغان ماسلىشىشنى كۈچەيتىشتۇر.

خىتاينىڭ ئافغانىستان مەسىلىسىگە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىشىغا ئافغانىستاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جەنۇبىي ئاسىيانىڭ كېسىشىش نۇقتىسىغا جايلاشقانلىقىدەك ئىستراتېگىيەلىك ئورنى ۋە تەبىئىي بايلىقلىرىنىڭ مول ئىكەنلىكى سەۋەب بولغان. ئافغانىستاننىڭ لىتىي، مىس ۋە سىيرەك (ئاز ئۇچرايدىغان) تۇپراق ئېلېمېنتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قىممەتلىك مىنېرال زاپىسى باشقا دۆلەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ خىتاينىڭ كۆزىنى قىزارتماقتا. خىتاي دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ خام ئەشيا ئىستېمالچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، بۇ بايلىقلارنى ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي كېڭەيمىچىلىكىنى ۋە تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم دەپ قارايدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، ئافغانىستاندا داۋاملىشىۋاتقان مۇقىمسىزلىق خىتاينىڭ بىخەتەرلىك سىياستىگە ــــ بولۇپمۇ غەيرىي ئەنئەنىۋى دۆلەت ھالقىغان بىخەتەرلىك تەھدىتى جەھەتتە ــــ راۋۇرۇس خىرىس ئېلىپ كەلدى. خىتاينىڭ زور قارا نىيەتكە ئىگە «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى» قىتئەلەر ئارا ئالاقىنى ئىلگىرى

سۈرۈشنى مەقسەت قىلغان كەڭ دائىرىلىك ئۇل مۇئەسسەسە تەرەققىيات تۈرىدۇر. ئافغانىستان ئۆزىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئورنى سەۋەبلىك، خىتاينى ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن ۋە ئۇنىڭدىنمۇ يىراق رايونلار بىلەن باغلايدىغان مۇھىم تۈگۈنگە ئايلانغۇدەك يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە. ئافغانىستاننىڭ مۇقىملىقى «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى»نىڭ تەركىبىدىكى «خىتاي ـ پاكىستان ئىقتىسادىي كارىدورى» قاتارلىق مۇھىم تۈرلەرنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇشى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. خىتاينىڭ ئىقتىسادىي ۋە دىپلوماتىك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى ئۈچۈن، «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى»نى ئۇنۇملۈك ئىجرا قىلىش، شۇنداقلا خىتاينىڭ ئىقتىسادىي ئۆزگىرىشىنى ۋە ئافغانىستاننىڭ باراۋەر تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش تولىمۇ مۇھىم.

خىتاي ئۆزىنىڭ ئافغانىستاننىڭ بىخەتەرلىكىدىكى رولىنى «توقۇنۇشتىكى ئىككىلەمچى مەنپەئەتدار (Secondary stakeholder)؛ كەم بولسا بولمايدىغان چوڭ دۆلەت ۋە قوشنا دۆلەت؛ شۇنداقلا، توقۇنۇشتىن كېيىنكى قايتا قۇرۇش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۈچۈن زور مىقداردا مەبلەغ سالغان ئاساسلىق ئىشتىراكچى»لىقتىن ئىبارەت ئۈچ نۇقتىدىن ئېنىق تونۇپ يەتتى. گەرچە تالىباننىڭ ئوخشىمىغان مەنپەئەتدارلارنى ئافغانىستان ھۆكۈمىتىگە داخىل قىلىش ۋەدىسى ئەمەلگە ئېشىشتىن يىراق بولسىمۇ، ئەمما خىتاي تالىبان بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشقا ۋە ئافغانىستاننىڭ ئىشلىرىغا ماھىيەتلىك ئىشتىراك قىلىشقا كۆچمەكتە. چۈنكى، خىتاي ئۆزىنىڭ ئىشتىراك قىلىشىنىڭ ئافغانىستاننىڭ كەلگۈسىگە قانچىلىك چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى زېرەكلىك بىلەن تونۇپ يەتتى.

يېقىنقى يىللاردا، بولۇپمۇ 2012 ـ يىلىدىن كېيىن، خىتاينىڭ ئافغانىستان بىلەن بولغان مۇئامىلاتلىرى كۆرۈنەرلىك ئاشتى. خىتاي بۇ جەھەتتە، دەسلەپتە ئانچە قىزغىن بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇقىمسىزلىق ۋە بۇنىڭ خىتاي ئىشغالىيىتىدىكى «ئۆلكە»لەرنىڭ، بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ بىخەتەرلىكىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىدىن ئەندىشە قىلغانلىقى سەۋەبلىك، ئۇنىڭ ئافغانىستانغا بولغان قىزىقىشى بارغانسېرى كۈچەيدى. خىتاي ئۆزىنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى» ۋە «خىتاي ـ پاكىستان ئىقتىسادىي كارىدورى»نىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىقتىسادىي نىشانلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىك ئەندىشىسىنى تۈگىتىش ۋە ئافغانىستاننىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش زۆرۈرىيىتىنى تونۇپ يەتتى ـ دە، ئاتالمىش «تىنچلىق بەرپا قىلىش» ئۇرۇنۇشلىرى، ئىئانە ھەمدە بايلىق ئېچىش ۋە ئۇل مۇئەسسەسە تەرەققىياتىغا مەبلەغ سېلىش ئارقىلىق ئافغانىستان بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشقا باشلىدى. ھالبۇكى، خىتاينىڭ ئافغانىستاندىكى ئىقتىسادىي قارا نىيىتى بۇ يەردىكى بىخەتەرلىك ۋەزىيىتىنىڭ ناچارلىقى ۋە ئېكسپورت ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەنلىكى سەۋەبىدىن خىرىسقا دۇچ كەلمەكتە.

ئۇنىڭدىن باشقا، خىتاي شىركەتلىرى ئافغانىستانغا مەبلەغ سېلىشقا باشلىدى، بىر خىتاي شىركىتى 2023 ـ يىلى 1 ـ ئايدا نەچچە مىليون دوللارلىق مەبلەغ سېلىش توختامى ئىمزالىدى، بۇ تالىبان 2021 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن بۇيانقى تۇنجى زور مىقدارلىق چەتئەل مەبلىغىدۇر. بەزى

كۆزەتكۈچىلەر خىتاينىڭ ئافغانىستان بىلەن مۇئامىلە قىلىشىدا ئىقتىسادىي مەنپەئەتتىن بەكرەك، بىخەتەرلىك ئامىلىنىڭ تۈرتكىسى چوڭ دەپ قارايدۇ.

خىتاينىڭ ئافغانىستاندىكى ھەربىي رولىمۇ كۈچىيىۋاتقان بولۇپ، خەۋەرلەردە خىتاينىڭ بەدەخشان ئۆلكىسىدە ھەربىي بازا قۇرۇۋاتقانلىقى ۋە ئافغانىستاننىڭ بىر تاغ بىرىگادىسىغا پۇل ياردەم قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنماقتا. گەرچە خىتاي ئۆزىنىڭ ئافغانىستاندىكى ھەربىي رولىنى تۆۋەنلىتىپ كۆرسىتىپ، ئاساسلىقى ئىقتىدارنى ئاشۇرۇشقا ۋە ئاتالمىش «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش» ئۇرۇنۇشلىرىغا كۈچەۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئافغانىستاندىكى ئاساسلىق مەقستى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ ۋاخان كارىدورىدىكى مەشق بازىسىنى يوقىتىش ۋە جىھادچىلارنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا سىڭىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتۇر.

بۇ يىل 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، بەشىنچى نۆۋەتلىك «خىتاي ـ ئافغانىستان ـ پاكىستان ئۈچ تەرەپ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى دىيالوگى» ئىسلامئاباتتا ئۆتكۈزۈلدى. مەزكۇر يىغىندا، پاكىستان، خىتاي ۋە ئافغانىستاننىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى ئافغانىستاننىڭ مۇقىملىقىنى، گۈللىنىشىنى ۋە تىنچلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۈچ تەرەپ ھەمكارلىقىنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەشتى ھەمدە بۇنىڭ (يەنى ئافغانىستاننىڭ مۇقىملىقى، گۈللىنىشى ۋە تىنچلىقىنىڭ) پۈتكۈل رايوننىڭ مەنپەئەتىگە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ «خىتاي ـ پاكىستان ئىقتىسادىي كارىدورى»نى ئافغانىستانغا كېڭەيتىش ئىستىكىنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلىدى ھەمدە CASA ـ 1000، «تۈركمەنىستان ـ ئافغانىستان ـ پاكىستان ـ ھىندىستان تەبىئىي گاز تۇرۇبا يولى» ۋە ئافغانىستاندىن ئۆتىدىغان تۆمۈر يول قاتارلىق مەۋجۇت ئالاقە پروجېكتلىرىنىڭ رايوندىكى ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇشتىكى رولىنى گەۋدىلەندۈردى. ئۇلار يەنە ئۇل مۇئەسسەسەلەرنى كۈچەيتىش، سودىنى قولايلاشتۇرۇش چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلقئارا جەمئىيەتنى ئافغانىستاننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ۋە زەھەرلىك چېكىملىككە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى قوللاشقا ئۈندىدى.

تالىبان بىلەن ئامېرىكا (2020 ـ يىلى قاتار پايتەختى دوھادا) كېلىشىم ھاسىل قىلغاندىن كېيىنمۇ، خىتاي يەنىلا ئافغانىستان ۋەزىيىتىگە ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلدى. بولۇپمۇ، تالىبان ھاكىمىيىتىگە بولغان قارشىلىق كۈچىيىپ كەتسە، ئافغانىستاننىڭ بىخەتەرلىك ۋەزىيىتىنىڭ ناچارلىشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىدى. خىتاي (تولىمۇ قۇۋلۇق بىلەن) ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت قوللىنىشنىڭ ئورنىغا، كۆپ تەرەپلىك ھەرىكەت قوللىنىشقا مايىل بولۇپ، ئۆز قىسىملىرىنى ب د ت تىنچلىق ساقلاش قىسىملىرى بىلەن تەڭ ھەرىكەت قىلدۇرۇشنى ئويلايدۇ. خىتاي ئۆز ئالدىغا مۇداخىلە قىلىشنى نامۇۋاپىق دەپ قارىدى، چۈنكى خىتاي ئافغانىستاننىڭ ئىچكى توقۇنۇشىغا (ئامېرىكاغا ئوخشاش) بىۋاستە قول تىقمىغان ھەمدە ئۇ ئافغانىستاننىڭ تارىخىي ئىناۋىتىنى ئويلاشمىسا بولمايدۇ.

ئەگەر ب د ت تىنچلىق ساقلاش قىسىملىرى بىلەن ھەمكارلىشىشتىن ئىبارەت بۇ تاللاش خىرىسقا دۇچ كەلگەن بولسا، خىتاي يەنە «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى»نىڭ ئافغانىستاندىكى رولىنى زورايتىش مۇمكىنچىلىكى ئۈستىدە ئىزدەنمەكتە. گەرچە «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى»نىڭ بىخەتەرلىك

مەسىلىلەرگە ئالاقىدار مۇئەييەن ئىقتىدارلىرى يېتەرسىز بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئامېرىكا ئافغانىستاندىن ئەسكەر چېكىندۈرگەندىن كېيىنكى ھوقۇق بوشلۇقىدا سىياسىي قانۇنىيلىق ۋە رايونلۇق ئېتىراپ بىلەن تەمىنلىيەلەيدۇ. خىتاينىڭ ئافغانىستاننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ئىشتىراك قىلىشى يەرلىك كاپالەت ۋە «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى»نىڭ بىخەتەرلىك مېخانىزمى ۋە رامكىسىغا بىرلەشتۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپ تەرەپلىك قوللاشقا باغلىقتۇر.

خىتاي ئۆزىنىڭ بۇ رايوندىكى غوجىئاكىلىق ئورنىنى كۈچەيتىشىنىڭ ۋە بۇنى مەزكۇر رايوندىكى ئۆزگەرمەس رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشنىڭ كويىدا. خىتاي ئافغانىستان بىلەن بولغان باردى-كەلدى ۋە دىپلوماتىك ئىنتىپاقداشلارنى كۆپەيتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يۇمشاق كۈچىنى جارى قىلدۇرۇشنى ئويلايدۇ. بۇ ئىستراتېگىيەلىك تەدبىر خىتاينى رايون مەسىلىلىرىدىكى «ئالىي نوپۇز ساھىبى»غا ئايلاندۇرۇشنى، ئۇنىڭ قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىشنى ۋە ئۇنىڭ ئومۇمىي نوپۇزىنى كۈچەيتىشنى مەقسەت قىلغان. خىتاي ئۆزىنى رايوننىڭ مۇقىملىقى ۋە ئاسايىشلىقىغا ئاكتىپ تۆھپە قوشىدىغان «مەسئۇلىيەتچان» دۇنياۋى كۈچ قىلىپ كۆرسىتىشنىڭ كويىدا. خىتاي ئافغانىستاننى قايتا قۇرۇش ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىش ۋە تىنچلىق تەشەببۇسلىرىنى قوللاش ئارقىلىق، ئۆزىنى ئىشەنچلىك ھەمكارلاشقۇچى قىلىپ كۆرسىتىش ھەمدە ئۆزىنىڭ دۇنيا سەھنىسىدىكى «مەسئۇلىيەتچان دۆلەت»لىك ئوبرازىنى مۇستەھكەملەشنى ئويلايدۇ. (ھالبۇكى، خېلى كۆپ دۆلەتنىڭ خىتاينى ئۇيغۇرلارغا قارشى ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلىۋاتىدۇ دەپ ئەيىبلىگەنلىكىنى نەزەردە تۇتقاندا، بۈگۈنكى كۈندە خىتاينى خەلقئارا سەھنىدە «مەسئۇلىيەتچان دۆلەتلىك ئوبرازى»غا ئىگە دېگىلى بولمايدۇ، ت)

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، خىتاينىڭ ئافغانىستاندىكى غوجىئاكىلىق ئورنىنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقانلىقى ئامېرىكانىڭ تەۋرەنمەس ئەۋزەللىكىنى يوشۇرۇپ قالالمايدۇ. گەرچە خىتاي تالىبان بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا ۋە ئالاھىدە ئەلچىلىرى ئارقىلىق ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشىشكە شاپاشلاپ كەلگەن بولسىمۇ، شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ئامېرىكانىڭ ئافغانىستاندىكى نوپۇزى يەنىلا تەڭداشسىزدۇر. ئامېرىكا ئەسكەر چېكىندۈرگەن ۋە تالىبان ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالغاندىن كېيىنمۇ، ئامېرىكا يەنىلا تالىبان سۆھبەتلىشىشكە تەشنا بولغان ئاساسلىق «پېرسوناژ»دۇر. گەرچە خىتاينىڭ بۇ يەردىكى مەۋجۇتلۇقى بارغانسېرى گەۋدىلىنىۋاتقان بولسىمۇ، ئامېرىكا ھېلىھەم ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز يېتەكچى كۈچلۈك ئورنىنى ۋە ئافغانىستاننىڭ كەلگۈسى يۆنىلىشىنى شەكىللەندۈرۈشتىكى زۆرۈر ئىشتىراكچىلىق ئورنىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

ئامېرىكا بىلەن خىتاينىڭ كەلگۈسىدە ئافغانىستان مەسىلىلىرى جەھەتتە ھەمكارلىشىشىدا يەنىلا ئېنىقسىزلىقلار مەۋجۇت، ئەمما خىتاي بۇ جەھەتتە داۋاملىق ھەمكارلىشىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۆتكەن ئون يىلدا، ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئافغانىستاندىكى ئىقتىدار بەرپا قىلىش (capacity _ building) تەشەببۇسلىرىدا ھەمكارلىشىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ تەشەببۇسلار ئاساسلىقى ساقچىلارنى تەربىيەلەش ۋە مىنا تازىلاش قاتارلىق ساھەلەرگە مەركەزلەشكەن.

**خىتاينىڭ ئافغانىستان ئىشلىرىغا ئىشتىراك قىلىشتىكى تۈپتۈزمى ئېھتىياتچان ۋە ئېلاستىك بولۇشتەك ئىستراتېگىيەلىك ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. خىتاي ئافغانىستاننىڭ كەلگۈسى ئىشلىرىغا قول تىقىشقا بەل باغلىدى ۋە بۇنداق قىلىشنى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارىدى.**

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

**مەنبە:**

https://thediplomat.com/2023/08/afghanistan-in-chinas-grand-strategy/



# جۇدالىق بىزنى قانداق ئۆزگەرتىدۇ؟

مەريي لاميا

# جۇدالىق بىزنى قانداق ئۆزگەرتىدۇ؟

دوكتور مەريي لاميا

## ئاچقۇچلۇق نۇقتىلار

مۇناسىۋەتتىن، خىزمەتتىن، ئائىلىدىن ياكى سۆيۈملۈك كىشىدىن ئايرىلىپ قېلىش گاھىدا كىشىنى گاڭگىرىتىپ قويىدۇ.

قايغۇ كىشىنىڭ ئۆزلۈك ئېڭى ۋە كىملىكىنىڭ بىر قىسمىنى يوقىتىشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن.

ئۆزلۈك ئېڭى جەھەتتە يېڭى ئىزچىللىقنى بايقاش ۋە ئۇنى ساقلاپ قېلىش بىزنىڭ داۋاملىق مەنىلىك ياشىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.

ھاياتىمىزنىڭ ئۆزىنى تەبىرلەيدىغان ھەر قانداق تەرىپىدىن ــــ مەلۇم بىر مۇناسىۋەتتىن، خىزمەتتىن، «ئۆي» دەپ ئاتىلىدىغان يەردىن ياكى يېقىن كىشىلىرىمىزدىن ــــ ئايرىلىپ قېلىشىمىز بىزنى گاڭگىرىتىپ قويۇشى مۇمكىن. تونۇش ئادەم، ئورۇن ياكى نەرسىدىن مەڭگۈلۈك ــــ گاھىدا ئويلىمىغان رەۋىشتە ــــ مەھرۇم قېلىش ئېنىقسىزلىق، گاڭگىراش، ئاجىزلىق ۋە قايمۇقۇشقا سەۋەب بولىدۇ. بىز بۇنىڭغا ئىنكاس قايتۇرۇش جەريانىدا، قايتىدىن ئالاقە ئورنىتىش ياكى ئەسلىگە كېلىش جەھەتتىكى ھەربىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنى، ھەمدە شۇنىڭغا ئالاقىدار ئۈمىدسىزلىك تۇيغۇسىنى باشتىن كەچۈرۈشىمىز مۇمكىن.

## ئۆزلۈك تۇيغۇمىز

ھەسرەت نوقۇل ھالدا قايغۇنى ياكى مەنىسىزلىكنى ھېس قىلىش بولۇپلا قالماستىن، ئۇ يەنە ئۆزلۈكىمىزنىڭ ۋە كىملىكىمىزنىڭ بىر قىسمىنى يوقىتىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنى بىز ھەسرەتكە دۇچار بولغاندا تۇيۇقسىزلا «تولۇق ئۆزىمىز» بولالماي قالىمىز.

ئوخشاشلىق، بىردەكلىك ۋە ئىزچىللىق تۇيغۇسى ئۆزلۈكتە ئەزەلدىن بار ئۇقۇمدۇر (Nathanson, 1992). زور جۇدالىق ئىزگىنلەش تۇيغۇسى (sense of control)، ئىزچىللىق تۇيغۇسى ۋە ھېسسىي جانلىقلىقنى ۋاقىتلىق قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىشى مۇمكىن. بەزى نەزەرىيەشۇناسلار بۇنى كىشىلىك ئالاقە مۇھىتى ئارقىلىق شەكىللەنگەن شەخسنىڭ سۇبيېكتىپ ئېڭىغا تۇتىشىدۇ، دەپ قارىشىدۇ. (Basten & Touyz, 2020).

شۇ ۋەجىدىن، تۇرالغۇمىز نوقۇل ھالدا ئۆيلا ئەمەس، بەلكى بىر جەمئىيەتتۇر. بىز خىزمەت ئورنىمىزدىمۇ باشقا كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىمىز. بىزنىڭ ھەمكارلىق مۇناسىۋەتلىرىمىز ئۆزىمىزنى تەبىرلەيدىغان مۇھىتنى يارىتىدۇ. شۇڭا، ئۆزىمىز ئايرىلىپ قالغان بىر كىشى ياكى نەرسە ھەققىدىكى ئەسلىمىلىرىمىز ئۆزىمىزگە قانداق قارىشىمىزغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، شۇنىڭدەك ئۆزلۈك ئېڭىمىز ھەم ئۆتمۈشنى ۋە ئىلگىرى ئىگە بولغان نەرسىلىرىمىزنى قايسى رەۋىشتە ئەسلىشىمىزگە تەسىر كۆرسىتىدۇ (ۋىلسون ۋە روس، 2003).

«كىملىك» سۆزىمۇ «ئۆزلۈك ئېڭى»دەكلا ئوخشاشلىق ياكى بىردەكلىك تۇيغۇسىنى ئىپادىلەيدۇ. بىز ھايات ھېكايىمىزنى ياراتقىنىمىزدا، ئۆز كىملىكىمىزنىڭ ئىجادچىسىغا ئايلىنىمىز؛ ئۆزلۈكىنىڭ ھازىرىنى، ئۆتمۈشنى ۋە كېلەچىكىنى بىر ـ بىرىگە باغلايمىز؛ قىلمىش ۋە تەپەككۇر ئەندىزىمىزگە مۇددىئا تۇيغۇسى ئاتا قىلىمىز (ماك ئادامس، 1987). بىزنى تەبىرلەيدىغان، كىملىكىمىزنى شەكىللەندۈرىدىغان ئالاھىدىلىكلەر ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئوخشاشلىققا ئىگە بولىدۇ.

كىملىك بىزنىڭ ئۆزىمىزگە قانداق قارايدىغانلىقىمىزنى ھەمدە ئېتىقادىمىز ۋە قىممەت قارىشىمىزغا بولغان ساداقىتىمىزنى تەسۋىرلەيدۇ (Basten & Touyz, 2020). كىملىكىمىز «مەن كىم؟» دېگەن نېگىزلىك سوئالغا جاۋاب بەرگەندىن باشقا، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە «رەت قىلىنىش ۋە ئۆزىدىن سەسكىنىش تۇيغۇسى»نىڭ زىتى بولغان «تەۋەلىك ۋە قوبۇل قىلىنىش تۇيغۇسى»نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (Plutchik, 2013). ئۆزىمىزدە ۋە تۇرمۇشىمىزدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنى كۆزدە تۇتقاندا، مەھرۇملۇق بىزنىڭ ئۆزىمىزنىڭ تەۋەلىك شەكلىگە ۋە باشقىلارنىڭ بىزنى قوبۇل قىلىدىغان ـ قىلمايدىغانلىقىغا سوئال قويۇشىمىزغا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن.

پسىخولوگىيەنىڭ تۆۋرۈكىگە ئايلانغان كىملىك ئۇقۇمى ۋە كىملىك شەكىللەندۈرۈش نەزەرىيەسى ئاساسلىقى ئېرىك ئېرىكسوننىڭ (Erik H. Erikson) تەتقىقاتى ـ بىلەن مۇناسىۋەتلىك، شۇندىاقلا ئېرىكسوننىڭ ئۆز ھوقۇقىدىن مەھرۇم قېلىشىدىن مەنبەلەنگەن (دوكا، 1989). ئەمەلىيەتتە، ئېرىكسوننىڭ كىملىك تەتقىقاتى ئۇنىڭ ئۆز دادىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىش ئارزۇسىنىڭ تۈرتكىسىدە ۋۇجۇدقا چىققان بولۇپ، ئاپىسى ئېرىكسوننىڭ ھاياتى بويىچە ئۇنىڭغا ئۆز دادىسىنىڭ ئىسمىنى دەپ بەرگىلى ئۇنىمىغان ۋە ئېرىكسونغا ئىككىنچى ئېرىنىڭ فامىلىسىنى قوللانغۇزغان. تاكى ئېرىكسوننىڭ بالاغەت مەزگىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئۇ ئۆگەي دادىسىنى ئۆز دادىسى دەپ قاراپ كەلگەن (فرېدمان، 1999). ئېرىكسون قۇرامىغا

يەتكەندىن كېيىن، ئۆز كىملىكى ھەققىدە ئىزدىنىش ۋە ئۆز كەچمىشىدىكى روشەن بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئارزۇسىدا، ئۆز ئىسمىنى ئېرىك ھامبۇرگېردىن (Erik Homburger) ئېرىك ھامبۇرگېر ئېرىكسونغا (Erik Homburger Erikson) غا ئۆزگەرتكەن.

## ئۆز كەچمىش خاراكتېرلىك ئەسلىمە (Autobiographical memory)

ئۆز كەچمىش خاراكتېرلىك ئەسلىمە ئۆزلۈك ئېڭىمىز ۋە كىملىكىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. بۇ خىل ئەسلىمىلەر شەخس ئۈچۈن مۇھىم بولغان بىر قاتار سەرگۈزەشتىلەرنى ئەسلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، بۇ سەرگۈزەشتىلەر ئۆتمۈشتىكى «ئۆزلۈك» ھەققىدىكى بىلىملەر بىلەن تەمىنلەپ، بىزنى كەلگۈسىدىكى قىلمىش ۋە قارارلىرىمىزنى مۆلچەرلەش ۋە پىلانلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. بىزنىڭ ئۆزلۈكىمىزنى ھېس قىلىشىمىز زور دەرىجىدە ئۆز كەچمىش خاراكتېرلىك ئەسلىمىلەرگە ئالاقىدار بولۇپ، ئۆز كەچمىش خاراكتېرلىك ئەسلىمىلەر بىزنىڭ «ھېكايىۋى كىملىك»ىمىزنى (Narrative identity) شەكىللەندۈرىدۇ (Gallagher, 2000). ئۆز كەچمىش خاراكتېرلىك ئەسلىمە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بىزنىڭ شەخسىي ئىزچىللىق (personal consistency) تۇيغۇمىزنى كۈچەيتىپ، شەخسىي كىملىك بەرپا قىلىش جەھەتتە رول ئوينايدۇ (Wilson & Ross, 2003).

ھاياتىمىز بويىچە، بەزى ئەسلىمىلەرنىڭ ھېسسىي ۋەزنى ۋە جانلىقلىقى تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. ئۇلار خۇددى كىنولاردىكى مەنزىرىلەردەك كاللىمىزدا قويۇلىدۇ. شۇنداقلا، بىز ئۇلارنى سىنتاش (ئالتۇن ـ كۈمۈشنى سىناپ كۆرىدىغان تاش، ت) ياكى ئۆلچەم سۈپىتىدە تەكرار ئەسلەشكە مايىل كېلىمىز (Singer & Blagov, 2004). ئۆزلۈكنى تەبىرلەيدىغان بۇ ئەسلىمىلەر ئۆزىگە ئوخشاپ كېتىدىغان باشقا ئەسلىمىلەرگە باغلانغان بولىدۇ، ئۇلار بىرلىكتە مەلۇم بىر سىجىل مەسىلىگە مەركەزلەشكەن ياكى ھەل قىلىنمىغان توقۇنۇشقا ئالاقىدار بولىدۇ؛ ۋەياكى بىزنى توختاۋسىز ئۆزگىرىپ تۇرغان ئۆزلۈك ئوبرازىمىزنى چوڭقۇر چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ (Singer & Blagov, 2004).

بالىلىق دەۋرىدىن تارتىپ قۇرامىغا يەتكەنگە قەدەر بولغان بۇ مۇھىم ۋەقەلىكلەر ھېكايىلىرىمىزنىڭ ھەرقايسى بابلىرىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ ۋە ھاياتىمىزدىكى ئاساسىي تېمىلارنى يورۇتۇپ بېرىدۇ (Singer, 2004 2004; Singer & Blagov, 2019). ئۇلار بەلكىم بىزنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان ئالاقىمىزنى، قىينچىلىقنى يەڭگەن پەيتلىرىمىزنى، ھاياتلىقتىكى ۋەقەلەر بىزگە چوڭقۇر چۈشەنچىلەرنى ئاتا قىلغان ياكى بىرەر شەيئىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشىمىزگە ئىمكانىيەت ياراتقان پەيتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن.

ئۆزلۈكنى تەبىرلەيدىغان ئەسلىمىلەر ھېسسىي پۇراققا ئىگە بولۇپ، ئۇلار بىزنىڭ ئىلگىرىكى ۋەقەلەرنى قايتا قۇراشتۇرۇشىمىزغا ئىنتايىن كۈچلۈك ئىجابىي ياكى سەلبىي قىممەت قوشىدۇ (Singer & Blagov, 2004). ئۇلار يەنە بىزنىڭ ئىلگىرىكى- كەچۈرمىشلىرىنى- ئەقلىي يوسۇندا چۈشىنىشىمىزگە كاشىلا تۇغدۇرالايدۇ، ئۇلار يەنە ھازىرقى ۋەقەلەرنىڭ ئەھمىيىتىنى كۈچەيتىۋېتىشىمۇ مۇمكىن (Singer & Blagov, 2004). شۇ ۋەجىدىن، ئەگەر بىز ھاياتىمىزدىكى بىرەر كىشىنى ياكى نەرسىنى يوقىتىپ قويساق، شەخسىي ھېكايىلىرىمىز بۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ.

مۇناسىۋەتتى يېقىن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۆزلۈك ئۇقۇملىرى جەھەتتە تونۇش جىپىسلىقىنى (cognitive overlapping) باشتىن كەچۈرۈشى مۇمكىن. نەتىجىدە، بۇ سەۋەبلىك باشقىلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى كىشىنىڭ ئۆزلۈك ھەققىدىكى بىلىمى دائىرىسىگە قوبۇل قىلىنىشى، ھەتتا كىشى ئۆزى بىلەن يېقىنلىرىنى ئالماشتۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن (Mashek et al., 2003; Swann & Bosson, 2010). شۇ ۋەجىدىن، كىملىكىمىز مەلۇم بىر يېقىنىمىزغا باغلانغاندا ۋە شۇ كىشى ھاياتىمىزدىن ئايرىلغاندا، بىز ئۆزلۈكىمىزنىڭ بىر قىسمىنى يوقاتقاندەك بولۇپ قالىمىز.

ئۇنداقتا، بىز بۇنىڭغا قارىتا قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ ئىلگىرىكى جىپسلاشقان كىشىلىك مۇناسىۋەت كەچمىشلىرى سۆيۈملۈك كىشىلىرىمىزنى ياكى نەرسىلىرىمىزنى بىزنىڭ ئۆزلۈك ئېڭىمىزغا ۋە كىملىكىمىزگە سىڭدۈرۈۋەتكەن بولىدۇ. ھالبۇكى، يېڭى يالغۇز كەچمىشلەر بىزنىڭ قايتىدىن مۇستەقىل ئۆزلۈك ئېڭى شەكىللەندۈرۈشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ. سۆيۈملۈك كىشىلىرىمىز بىزدىن ئايرىلغان ياكى ۋاپات بولۇپ كەتكەن، ۋەياكى مۇھىتىمىز ئۆزگەرگەندە، ئۆزلۈك ئېڭىمىزدە يېڭى سىجىللىقنى بايقاش ۋە ئۇنى ساقلاپ قېلىش داۋاملىق مەنىلىك ياشىشىمىزغا پايدىلىقتۇر.

خىزمىتىمىزدىكى (ياكى يېڭى خىزمىتىمىزدىكى)، ئوقۇشىمىزدىكى ياكى ئۆزىمىزگە خاس مەلۇم بىر ئۆرۈنۈشىمىزدىكى خىرس بىزنىڭ ئۆزىمىزگىلا خاس كەچمىشىمىزگە ئايلىنىدۇ. كىملىكىمىز نوقۇل ھالدا بىز سۆيگەن ۋە ئايرىلىپ قالغان كىشىلەر ياكى نەرسىلەر تەرىپىدىنلا تەبىرلەنمەيدۇ. جۇدالىق بىزنى ئۆزگەرتەلىسىمۇ، لېكىن بىزنى تەبىرلىيەلىشى ناتايىن. بىز جۇدالىقنى ئۆزلۈك ئېڭىمىزغا ۋە كىملىكىمىزگە سىڭدۈرۈپ، ياشاشنىڭ يېڭى ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقىشنى ئۆگىنىۋالالايمىز.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

**مەنبە:**

https://www.psychologytoday.com/intl/blog/intense-emotions-and-strong-feelings/202305/getting-lost-from-loss



# مالايسىيا ۋە شەرقىي تۈركىستان

# مالايسىيا ۋە شەرقىي تۈركىستان

مالايسىيا ئېكۋاتورنىڭ ئازراق شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، مالاي يېرىم ئارىلىدىكى «غەربىي مالايسىيا» بىلەن بورنېئو ئارىلىدىكى «شەرقىي مالايسىيا»دىن ئىبارەت ئۆزئارا تۇتاشمايدىغان ئىككى رايوندىن تەركىب تاپقان. مالايسىيانىڭ پايتەختى كۇئالالۇمپۇر يېرىم ئارالنىڭ غەربىگە جايلاشقان بولۇپ، دېڭىز قىرغىقى بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن قىرىق كىلومېتىر كېلىدۇ. مەمۇرىي مەركىزى پۇتراجايا پايتەختتىنىڭ تەخمىنەن 25 كىلومېتىر جەنۇبىغا جايلاشقان.

مالايسىيا ئەنگلىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، 1963 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى مۇستەقىل دۆلەت بولۇپ قۇرۇلغاندا، مالايا (هازىرقى مالاي يېرىم ئارىلى)، سىنگاپور ئارىلى ھەمدە بورنېئو ئارىلىنىڭ شىمالىدىكى ساراۋاك ۋە ساباھتىن ئىبارەت جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. 1965 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، سىنگاپور مالايسىيا فېدېراتسىيەسىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتكە ئايلانغان.

پايتەختى ۋە ئەڭ چوڭ شەھىرى: كۇئالالامپۇر

مەمۇرىي مەركىزى: پۇتراجايا

رەسمىي تىلى: مالايچە

يەر كۆلىمى: 330 مىڭ 803 كۋادرات كىلومېتىر (بۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى خوتەن ۋىلايىتى بىلەن قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ جۇغلانمىسىدىن سەل كىچىك كېلىدۇ)

نوپۇسى: 33 مىليون 200 مىڭ (2023 ـ يىلى)

ئومۇمىي GDP: 1.23 تىرىلىيون دوللار (2023 ـ يىلى)

كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان GDP: 36 مىڭ 847 دوللار (2023 ـ يىلى)

دۆلەت پۇلى: رىڭگىت

ئاھالىسى

مالايسىيا خەلقى مالاي يېرىم ئارىلى بىلەن شەرقىي مالايسىياغا تەكشى جايلاشقان بولماستىن، مۇتلەق كۆپ قىسمى مالاي يېرىم ئارىلىدا ياشايدۇ. خەلقنىڭ تۆتتىن بىرى يېزىلاردا، قالغان تۆتتىن ئۈچى شەھەردە ياشايدۇ. مالايسىيا خەلقى مىللەت، تىل، كۇلتۇر ۋە دىن جەھەتتە كۆپ خىللىققا ئىگە بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە مالايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان «بۇمىپۇترا» (bumiputra) دەپ ئاتىلىدىغان يەرلىك

ئاھالىلەر بىلەن «غەيرىي بۇمىپۇترا» دېيىلىدىغان كۆچمەنلەر توپى (ئاساسلىقى خىتاي ۋە جەنۇبىي ئاسىيالىقلار) مەمۇرىي جەھەتتە روشەن پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

2017-يىلىدىكى ستاتىستىكىغا كۆرە، نوپۇسنىڭ 61.7 پىرسەنتىنى بۇمىپۇترالار، 20.8 پىرسەنتىنى خىتايلار، 6.2 پىرسەنتىنى ھىندىلار، 11.3 پىرسەنتىنى قالغان مىللەتلەر تەشكىل قىلغان. دۆلەت تىلى (يەنى مالاي تىلىنىڭ قېلىپلاشقان شەكلى) بۇ دۆلەتتىكى كۆپ خىل مىللەتلەرنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشتە ئىجابىي رول ئوينىغان بولۇپ، كۆپىنچە خەلق بۇ تىلنى مەلۇم دەرىجىدە ئىشلىتىدۇ. بۇ يەنە ئاممۇۋى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئاساسلىق ئوقۇتۇش تىلىدۇر.

## دىن

ئىسلام دىنى مالايسىيانىڭ رەسمىي دىنى بولۇپ، خەلقنىڭ تەخمىنەن بەشتىن ئۈچى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئىسلام مالايلارنى باشقىلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىللاردىن بىرى بولۇپ، دۆلەت قانۇنىدا مالايلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلماندۇر، دېيىلگەن. بۇ يەردە ياشايدىغان خىتايلارنىڭ نۇرغۇنى بۇددا دىنى ياكى تويىن دىنىغا، شۇنداقلا كۇڭزىچىلىقنىڭ قائىدىلىرىگە ئېتىقاد قىلىدۇ، ئاز ساندىكى خىتايلار خىرىستىيان دىنىنىڭ ھەر خىل مەزھەپلىرىگە ئەگىشىدۇ. ھىندىستانلىقلار بىلەن سىرىلانكالىقلارنىڭ كۆپىنچىسى ھىندى دىنىغا ئېتىقاد قىلسا، پاكىستانلىقلارنىڭ زور كۆپچىلىكى مۇسۇلمانلاردۇر.

## مالايسىيانىڭ ئىقتىسادى

1970-يىلىدىن باشلاپ، مالايسىيانىڭ ئىقتىسادى ئاساسەن خام ئەشيا (كاۋچۇك ۋە قەلەي) ئېكسپورتىغا تايىنىدىغان ھالەتتىن شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى ئەڭ كۈچلۈك، كۆپ خىللاشقان ۋە تەرەققىياتى ئەڭ تېز ئىقتىسادىي گەۋدىگە ئايلاندى. ھالبۇكى، مالايسىيا ھېلىھەم كاۋچۇك ۋە پالما يېغى ئىشلەپچىقىرىدىغان ئاساسلىق دۆلەتتۇر. ئۇ يەنە خېلى زور مىقداردا نېفت ۋە تەبىئىي گاز ئېكسپورت قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇ يەنە دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تىجارەتتە ئىشلىتىلىدىغان قاتتىق ياغاچ مەنبەلىرىنىڭ بىرىدۇر.

ھالبۇكى، مالايسىيا ئۆز ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئېكسپورتنى ئاساس قىلغان ياسىمىچىلىققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرمەكتە. نىسبەتەن ئەرزان، ئەمما تەربىيەلەنگەن ئەمگەك كۈچى، تەرەققىي قىلغان ئۇل مۇئەسسەسە، سىياسىي مۇقىملىق قاتارلىق ئامىللارنىڭ سايىسىدە، مالايسىيا راۋۇرۇس مىقداردا چەتئەل مەبلىغىنى ــــ بولۇپمۇ ياپونىيە ۋە تەيۋەندىن كەلگەن ــــ جەلپ قىلماقتا.

### دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، بېلىقچىلىق

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق ۋە بېلىقچىلىق ئىلگىرى مالايسىيانىڭ ئىقتىسادىي تۈۋرۈكلىرى ئىدى، ئەمما 1970ـ يىلدىن 2000ـ يىللارنىڭ بېشىغىچە، بۇ كەسىپلەرنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىگە قوشقان تۆھپىسى ئەسلىدىكى تەخمىنەن ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدىغان سەۋىيەدىن ئوندىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدىغان سەۋىيەگە چۈشۈپ قالدى. يەنە شۇنىڭدەك، ئوخشاش مەزگىلدە دېھقانچىلىق قىلىدىغان ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئومۇمىي نوپۇستا ئىگىلىگەن نىسبىتىمۇ تەخمىنەن ئەللىك پىرسەنتتىن سەككىزدىن بىرىگە چۈشۈپ قالدى، دېھقانچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ نىسبىتىدىكى بۇ خىل تۆۋەنلەش يۈزلىنىشى ھېلىھەم داۋاملاشماقتا.

### تەبىئىي بايلىق ۋە ئېنېرگىيە

مالايسىيادا قېزىلما بايلىقلار مول، گەرچە ئەمگەك كۈچىنىڭ ئاز بىر قىسمى كانچىلىق سانائىتىدە (نېفىت قېزىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئىشلىسىمۇ، ئەمما بۇ ساھە دۆلەت ئىچى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ خېلى زور قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. ئاساسلىق مېتال رۇدىلىرى قەلەي، ئاليۇمىن، مىس ۋە تۆمۈر قاتارلىقلار بولۇپ، قەلەي ئىشلەپچىقىرىشى 20ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مالايسىيانىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى تۈۋرۈكلەرنىڭ بىرى بولغانىدى.

مالايسىيانىڭ ئەڭ قىممەتلىك قېزىلما بايلىقلىرى نېفىت ۋە تەبىئىي گاز زاپىسىدۇر. خام نېفىت، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن نېفىت ۋە سۇيۇقلاندۇرۇلغان تەبىئىي گاز مالايسىيانىڭ تاۋار ئېكسپورت كىرىمىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. بارلىق ئاساسلىق نېفىتلىك ۋە تەبىئىي گازلىقلارنىڭ ھەممىسى يېرىم ئارالنىڭ شەرقىي دېڭىز قىرغىقىغا، ساراۋاكنىڭ شەرقىي شىمال دېڭىز قىرغىقىغا ۋە ساباھنىڭ غەربىي دېڭىز قىرغىقىغا جايلاشقان.

### سودا

مالايسىيانىڭ ئېكسپورت قۇرۇلمىسى 20ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى ئون يىلىدا كاۋچۇك ۋە قەلەي ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدىغان ئەندىزىدىن ئۆزگىرىپ، 21ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا مەمۇلات (تەييار مەھسۇلات)لار بارلىق ئېكسپورت كىرىمىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدىغان ھالەتكە كەلدى. ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ ئەڭ كۆپ قىسمىنى ئېلېكتىر مەھسۇلاتلىرى ۋە ئېلېكترونلۇق مەھسۇلاتلار ئىگىلەيدۇ. ھالبۇكى، تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىلىدىغان تاۋارلارنىڭ ئېكسپورتى، بولۇپمۇ پالما يېغى ۋە كاۋچۇك يەنىلا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. مالايسىيانىڭ ئەڭ ئاساسلىق سودا شېرىكلىرى ياپونىيە، سىنگاپور، ئامېرىكا ۋە خىتايدۇر. باشقا مۇھىم شېرىكلەر تايلاند، تەيۋەن ۋە كورىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مالايسىيا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭ (ASEAN) ۋە دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ (WTO) ئەزاسىدۇر.

### ساغلاملىق ۋە پاراۋانلىق

20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئومۇمىي ساغلاملىق سەۋىيەسى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. بۇ ئىلگىرىلەش ئۆلۈش نىسبىتىنى. (شۇنداقلا بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتىنى.) زور دەرىجىدە تۆۋەنلىتىپلا قالماستىن، 21 ـ ئەسىرگە كەلگەندە مالايسىيانى ئىسسىق بەلۋاغ دۆلەتلىرىنى قاپلىغان نۇرغۇن كېسەللىكلەردىن ئاساسەن قۇتۇلدۇردى. ھالبۇكى، بەزى يېزىلاردا ھېلىھەم بەزگەك قاتارلىق كېسەللىكلەر مەۋجۇت. سەھىيە شارائىتى ۋە سەھىيە ئۇسكۇنىلىرىنىڭ ئەھۋالى ھەر قايسى شتاتلاردا پەرقلىق، ئەمما مالاي يېرىم ئارىلىدا ئەسلىھە ۋە خادىملار جەھەتتىكى ئەھۋال ساباھ ۋە ساراۋاكتىكىگە قارىغاندا ياخشى. سەھىيە مۇلازىمىتى ئادەتتە يېزا ـ قىشلاقلاردىكىگە قارىغاندا شەھەرلەردە تېخىمۇ مۇكەممەل. يېزا نوپۇسىنىڭ بىر قىسمى مۇنتىزىم تەربىيەلەنگەن دوختۇرلارغا ۋە زامانىۋى دورىلارغا ئەمەس، مەلۇم دەرىجىدە ئەنئەنىۋى داۋالاشقا تايىنىدۇ. كۆپىنچە داۋالاش مۇلازىمىتىنى ھۆكۈمەت تەمىنلەيدۇ. ھالبۇكى، پاراۋانلىق مۇلازىمىتى ھۆكۈمەت ۋە خۇسۇسىي ئورگانلار تەرىپىدىن تەڭ تەمىنلىنىدىغان بولۇپ، بۇ ياشانغانلارغا، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بارلارغا ۋە مېيىپلارغا ياردەم بېرىش پروگراممىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

### مائارىپ

ھۆكۈمەت خامچوتىنىڭ راۋۇرۇس بىر قىسمىنى مائارىپقا سەرپ قىلىدۇ ھەمدە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ھەقسىز مائارىپ بىلەن تەمىنلەيدۇ. گەرچە (ئالتە ياشتىن باشلىنىدىغان) ئالتە يىللىق باشلانغۇچ مائارىپلا مەجبۇرىي بولسىمۇ، كۆپىنچە بالىلار كەم دېگەندە ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپنى قوبۇل قىلىدۇ.

مالايسىيادا ئالىي مەكتەپكە كىرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 21 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تېز ئاشتى. مالايسىيادا ئۇنىۋېرسىتېت، ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيەلەش ئىنستىتۇتلىرى قاتارلىق نەچچە ئونلىغان ئالىي مائارىپ يۇرتلىرى بار. ئەڭ داڭلىق ئالىي مائارىپ ئاپپاراتلىرى كۇئالالۇمپۇردىكى مالايا ئۇنىۋېرسىتېتى (1962)، پىناڭدىكى مالايسىيا ئىلىم ـ پەن ئۇنىۋېرسىتېتى (1969)، بەنگىدىكى مالايسىيا دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتى (1970) ۋە كۇئالالۇمپۇردىكى خەلقئارا ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى (1983) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ساراۋاك ۋە ساباھتىمۇ 1990 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتلار قۇرۇلدى.

### مالايسىيانىڭ قىسقىچە تارىخى

مالايسيانىڭ تارىختىن بۇرۇنقى (prehistory) تارىخى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلار كەمچىل بولسىمۇ، ئەمما ساراۋاكنىڭ شىمالىدىكى نىيا ئۆڭكۈرلىرىدىن تېپىلغان سۆڭەك ۋە ئاسار-ئەتىقىلەر بۇ رايوندا تەخمىنەن قىرىق مىڭ يىللار ئىلگىرىلا ئىنسانلار ئولتۇراقلاشقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. دەسلەپكى تارىخ تەتقىقاتلىرىدىن مەنبەلەنگەن پەرزلەرگە كۆرە، مىلادىدىن ئىلگىرىكى مىڭ يىل مابەينىدە ھازىرقى مالايلارنىڭ ئەجدادلىرى خىتاي بىلەن تىبەتتىن بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىپ، ئەسلىدىكى ئاھالىلەرنى غەربىي تىنچ ئوكيانغا ياكى ئېچىمۇ يىراق تاغلىق رايونلارغا كۆچۈشكە مەجبۇرلىغان.

مىلادى ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى ئەسىرلەردە بۇ يەردە كىچىك مالاي پادىشاھلىقلىرى بارلىققا كەلگەن، ئەينى چاغدا ھىندى سودىگەرلەر ۋە پوپلار دېڭىز يولىنى بويلاپ ساياھەت قىلىشقا باشلىغان بولۇپ، ئۇلار ھىندىستاننىڭ دىن، ھۆكۈمەت ۋە سەنئەت چۈشەنچىسىنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەن. نۇرغۇن ئەسىرلەر مابەينىدە، بۇ رايوندىكى خەلقلەر، بولۇپمۇ ھۆكۈمدار تەبىقىدىكىلەر ھىندىستاندىن كەلگەن ئىدىيەلەر بىلەن يەرلىك ئىدىيەلەرنى يۇغۇرۇپ، ھىندى دىنى بىلەن ماھايانا بۇددىزمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھىندىستان ئەندىزىلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ۋە كۇلتۇرەل ئەندىزىسىنى شەكىللەندۇرگەن. ھىندىلاشقان ئىبادەتخانىلارنىڭ خارابىلىرى ئەڭ كۆپ جاي مالاي يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى كېداخ چوققىسىنىڭ ئەتراپىدۇر.

7-ئەسىردىن 13-ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا، بۇ رايوندىكى نۇرغۇنلىغان كىچىك، ئەمما گۈللەنگەن دېڭىز سودىسى دۆلەتلىرى (maritime trading state) بەلكىم سۇماتىرادىكى ھىندى ئىمپېرىيەسى سرىۋىجايانىڭ كونتروللۇقىدا بولغان بولۇشى مۇمكىن. تارىخنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىدە، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى باشقا ھىندىلەشكەن كۈچلەر، جۈملىدىن ئاڭكورنى ئاساس قىلغان خمېر (كامبودژا) ئىمپېرىيەسى، تايلاندتىكى ئايۇتتايا پادىشاھلىقى ۋە شەرقىي جاۋانى مەركەز قىلغان ماجاپاخىت ئىمپېرىيەسى قاتارلىقلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ بۇ رايونغا قارىتا ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى بارلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

13-ئەسىردىن 17-ئەسىرگىچە، ئىسلام دىنىنىڭ سۈننىي مەزھىپى ئاساسلىقى ئەرەب ۋە ھىندى سودىگەرلەر تەرىپىدىن بۇ يەرگە تارقالغان. ئىسلام دىنى باراۋەر ئىجتىمائىي تەرەققىيات پۇرسىتى بىلەن تەمىنلىگەچكە، بۇ يەردىكى ئەنئەنىۋى سەرخىللارنىڭ ئورنى تەۋرىگەن (ئەمما پۈتۈنلەي يوقالمىغان).

ئىسلام دىنىنىڭ بۇ يەرگە تارقىلىشى مالاي يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي جەنۇبىي دېڭىز قىرغىقىدىكى بوغۇزدا مالاككا پورتىنىڭ قەد كۆتۈرگەن ۋاقتىغا توغرا كەلگەن بولۇپ، بۇ پورت تەخمىنەن 1400 نەپەر سۇماتران مۇساپىرلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان.

16-ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، مالاككانىڭ ئاسىيا سودا يولىنىڭ تۈگۈنى دېگەن داڭقى ياۋروپاغىمۇ يېتىپ بارغان. بىر ئەسىردىن بۇيان شەرقىي ئاسىياغا بارىدىغان دېڭىز يولىنى ئىزدەۋاتقان پورتۇگالىيەلىكلەر ئاخىرى 1509-يىلى مالاككاغا كەلگەن ۋە 1511-يىلى، ئافونسو دې ئالبۇكېركى (Afonso de Albuquerque) باشچىلىقىدىكى پورتۇگالىيە فلوتى مالاككانى ئىگىلىۋالغان.

گوللاندىيەلىكلەر 1641 ـ يىلى مالاككانى ئىشغال قىلىپ، بۇ يەرنىڭ سودىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ شەھەر ئىلگىرىكى ھالىتىگە قايتالمىغان.

مالاككانى ھېسابقا ئالمىغاندا، 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئەنگلىيە بۇ رايونغا قىزىققانغا قەدەر، غەرب ئەللىرىنىڭ مالاي يېرىم ئارىلى ۋە شىمالىي بورنېئوغا بولغان تەسىرى يوقنىڭ ئورنىدا ئىدى. ئەنگلىيەلىكلەر خىتايدا ساتىدىغان تاۋارلىرىغا ئىزچىل ماتېرىيال مەنبەسى ئىزدەۋاتقانىدى. 1786 ـ يىلى ئەنگلىيە «شەرقىي ھىندىستان شىركىتى» كېداھ سۇلتانىدىن مالاي يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي شىمال دېڭىز قىرغىقىدىكى پېناڭ ئارىلىنى سېتىۋالغان ۋە بۇ ئارال ناھايىتى تېزلا خىتايلارنى ئاساس قىلغان ئاساسلىق سودا مەركىزىگە ئايلانغان. ئەنگلىيە ۋەكىلى ستامفورد رافلېس (Stamford Raffles) 1819 ـ يىلى يېرىم ئارالنىڭ جەنۇبىدىكى سىنگاپور ئارىلىنى ئىشغال قىلغان ۋە 1824 ـ يىلى بۇ يەردە سودا قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن؛ مالاككا بوغۇزىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقانلىقىدەك ئىستراتېگىيەلىك ئورنى ۋە ياخشى پورت ئىكەنلىكى سىنگاپورنى ئەنگلىيەنىڭ مەزكۇر يېرىم ئارالدىكى ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي مۇستەملىكىچىلىك مەركىزىگە ئايلاندۇرغان.

ئەنگلىيەلىكلەر نوپۇسى. شالاڭ بۇ ئارالغا خىتاي كۆچمەنلەرنى. جەلپ. قىلغاچقا، ئۇزۇن ئۆتمەيلا خىتايلارنى ئاساس قىلغان پورت بۇ رايوندىكى ئاساسلىق شەھەرگە ۋە خىتاينىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى ئىقتىسادىي پائالىيىتىنىڭ ئاساسلىق بازىسىغا ئايلانغان. ئەينى ۋاقىتتىكى ياۋروپا سانائەت كاپىتالىزمىنىڭ غوجىئاكىسى بولغان ئەنگلىيە 1824 ـ يىلى مالاككانى گوللاندىيەدىن سېتىۋالغان ۋە شۇنىڭدىن كېيىن مالاككا بوغۇزىدىكى پېناڭ، مالاككا ۋە سىنگاپوردىن ئىبارەت ئۈچ ئاساسلىق پورتنى باشقۇرغان. 1867 ـ يىلى ئەنگلىيە مۇستەملىكە دائىرىلىرى بۇ يەرنىڭ بىۋاسىتە كونترول قىلىشقا باشلىغان.

19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، مالاي يېرىم ئارىلىدىكى ھەر قايسى خانلىقلارنىڭ ئىچكى مالىمانچىلىقى سەۋەبىدىن، قەلەي قاتارلىق تەبىئىي بايلىقلارنىڭ توپلىنىشىغا تەسىر كۆرسەتكەنلىكتىن، ئەنگلىيە ھەرقايسى سۇلالىلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئاكتىپ مۇداخىلە قىلىشقا باشلىغان. ئىچكى ئۇرۇشنى باشتىن كەچۈرگەن پېخاڭ، سېلانگور، پېراك ۋە نېگېرى سېمبىلان قاتارلىق تۆت پادىشاھلىق ئارقا ـ ئارقىدىن ئەنگلىيە تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن سىياسىي ۋەكىلنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغان. «مالاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشىغا ياردەم بېرىدۇ» دېيىلگەن بۇ ۋەكىللەر ناھايىتى تېزلا بۇ خانلىقلارنىڭ ھەقىقىي ھۆكۈمرانلىرىغا ئايلانغان. 1896 ـ يىلى، ئەنگلىيە مۇستەملىكە ھۆكۈمىتى بۇ تۆت خانلىقنى بىرلەشتۈرۈپ، مالاي فېدېراتسىيەسىنى قۇرغان.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ياپونىيەنىڭ مالاي يېرىم ئارىلىنى ئىشغال قىلىۋېلىشى بىلەن، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى كۆنسېرى كەسكىنلەشكەن، ئەمما خەلقنىڭ مۇستەقىللىق ئىستىكىمۇ تەدرىجىي ئاشقان. ئۇرۇشتىن كېيىن، ئەنگلىيە «مالايا فېدېراتسىيەسى»دىن (Malayan Union) ئىبارەت يېڭى پىلاننى ئېلان قىلغان. بۇ پىلانغا كۆرە ئىلگىرى مالاي فېدېراتسىيەسىنىڭ بىر قىسمى بولغان سۇلتانلىقلار پېناڭ ۋە مالاككا (سىنگاپورنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئەنگلىيەنىڭ

**چەتئەلدىكى تېررىتورىيەسى (British Overseas Territories) قۇرۇلاتتى ۋە بىر نەچچە يىلدىن كېيىن مۇستەقىل بولاتتى. بۇ پىلان مالايلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، مالايسىيادىكى خىتاي ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە پۇقرالىق ھوقۇقى بەرگەنلىكى ئۈچۈن، مالايلارنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىغان.**

**مالايا فېدېراتسىيەسى 1946-يىلى قۇرۇلۇپ، 1948-يىلى تارقاپ كەتكەن. ئاندىن بۇ يەردە مۇستەملىكىگە قارشى پارتىزانلىق كۈرەشلىرى ئەۋج ئالغان. 1948-يىلدىن 1960-يىلغىچە ئەنگلىيە قوشۇنلىرى مالاي يېرىم ئارىلىدا تۇرۇپ، پارتىزانلارغا قارشى جەڭ قىلغان ۋە بۇ جەريانىدا 6710 نەپەر يەرلىك پارتىزاننى ئۆلتۈرۈۋەتكەن.**

**1963-يىلى 9-ئاينىڭ 16-كۈنى، مالايا، سىنگاپور، شىمالىي بورنېئو (ساباھ) ۋە ساراۋاك بىرلىكتە مالايسىيا فېدېراتسىيەسىنى قۇرغان.**

مالايسىيا بىلەن شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە بەزى سېلىشتۇرمىلار

| | شەرقىي تۈركىستان | مالايسىيا | شەرقىي تۈركىستاننىڭ شۇ قىممىتى مالايسىيانىڭ قانچە ھەسسىگە تەڭ؟ |
|---|---|---|---|
| يەر كۆلىمى (كۋادرات كىلومېتىر) | 1, 828, 418 | 330 مىڭ 803 | تەخمىنەن بەش يېرىم ھەسسە |
| نوپۇسى | 30~40 مىليون (دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ مۆلچەرى) | 33 مىليون 200 مىڭ | ئاساسەن تەڭ |
| نېفىت زاپىسى | 23.4 مىليارد توننا | 2.21 مىليارد توننا | ئون ھەسسە |
| تەبىئىي گاز زاپىسى | 13 تىرىلىيون كۇب مېتىر | بىر تىرىلىيون 180 مىليارد كۇب مېتىر | 11 ھەسسە |

ئۆتكۈر ئالماس تەييارلىدى

# 19–ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھامىيسى زوھۇردىن ھاكىمبەگ

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز



## 19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ هامىيسى زوهۇرىددىن هاكىمبەگ

ناۋادا بىز تارىخ سەهىپىلىرىنى ۋاراقلاپ باقىدىغان بولساق، 19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر تارىخىدىكى بىر قىسىم مۇهىم ۋەقەلەر ۋە ئەهمىيەتلىك ئىشلاردا هەمىشە «زوهۇرىددىن هاكىمبەگ» دېگەن بىر ئىسمىنى ئۇچرىتىمىز. بىر نەچچە ئاددىي مىسال ئالساق، 1833 ـ يىلىدىن 1855 ـ يىلىغىچە قەشقەر شەهىرىنى كېڭەيتىش، هېيتگاه جامەسىنى كېڭەيتىپ ياساش ۋە قەشقەر تەۋەسىدىكى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى قاتارلىق تەۋەررۈك جايلارنى رېمونت قىلىپ ساقلاپ قېلىش قاتارلىق نۇرغۇن ياخشى ئىشلار شۇ كىشىگە ئائىتتۇر. ئۇنداقتا، لۈكچۈندىكى مەنچىڭگە سادىق ئىمىن خوجىنىڭ بۇ ئەۋلادى قانداق قىلىپ، ئاتا ـ بوۋىلىرى بىلەن تەڭ تارىخنىڭ لەنەت تۈۋرۈكىگە مىخلانماي، بەلكى، ئۇيغۇر خەلقى تەرىپىدىن بۈگۈنگىچە ياد ئېتىلىپ ۋە هۆرمەتلىنىپ كەلدى؟ نېمە ئۈچۈن كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئۇنىڭ قۇتلۇق ئىسمىنى ئوغۇللىرىغا قويۇپ ماختىنالىدى؟

زوهۇرىددىن هاكىمبەگ هەقىقەتەن تارىخ ۋە تارىخ ياراتقۇچى ئۇيغۇر خەلقى توغرا باهالىغان قابىل هۆكۈمدار. شۇنداقلا ئۆز دەۋرىنىڭ تالانتلىق شائىرى ئىدى. ئۇ 1780 ـ يىلى پىچاننىڭ لۈكچۈنىدە، تۇرپان ۋاڭلىقىنىڭ تۇنجى ئەۋلات ۋاڭى ئىمىن خۇجىنىڭ چوڭ ئوغلى نۇرمۇهەممەت خوجىنىڭ ئوغلى تاهىر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. كىچىك ۋاقتىدا ئاتىسى تاهىر قازالاپ كېتىپ، ئاتىسى ئورنىدا ئاتا بولالايدىغان تاغىسى مۇهەممەت مەهمۇت هىمايىسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن. 1819 ـ يىلى بىر نەۋرە تاغىسى مۇهەممەت سەئىد قەشقەرگە هاكىمبەگلىككە تەيىنلەنگەندە، ئۇنىڭ بىلەن بىللە قەشقەرگە بېرىپ، هاكىمبەگ ئوردىسىدا مەلۇم ئەمەل تۇتقان. 1831 ـ يىلى قەشقەر هاكىمبەگلىكىگە تەيىنلىنىپ، تاكى 1862 ـ يىلىغىچە 30 يىلدىن ئارتۇقراق هاكىمبەگ بولغان. 1861 ـ يىلى كۆزدە ياشىنىپ قالغانلىقى ۋە سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ قىستىشى بىلەن ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىپ، يۇرتى پىچان لۈكچۈنگە قايتىپ كېلىپ، 1863 ـ يىلى 85 يېشىدا ۋاپات بولغان. بىراق، هازىرقى كۈنىمىزگىچە ئۇنىڭ ئاتىسى، ئىش ـ ئىزلىرى ۋە ئەمەل تۇتقان چاغدىكى خەلققە قىلغان ياخشىلىقلىرى هەققىدە توغرا ۋە ئىشەنچلىك تارىخىي ئۇچۇرلار تولىمۇ كەلمچىل بولۇپ كەلدى.

19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشىدە زور رول ئوينىغان سىياسىي هۆكۈمران، مەدەنىيەت ئەربابى، ئىجتىمائىي پائالىيەتچى، كېلىپ چىقىشى تۇرپان ئىناپچىخانى ئىمىن خوجا ئەۋلاتلىرىدىن بىرى، ئەينى دەۋرىدىكى قەشقەردە هاكىمبەگ بولغان زوهۇرىددىن هاكىمبەگ توغرىسىدا شائىر هاجى ئەهمەد كۆلتېگىن «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1982 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا «زوهۇرىددىن هاكىمبەگ دەۋرىدە قەشقەردە مەدەنىي هايات ۋە ئەدەبىيات» ناملىق ماقالىنى ئېلان قىلغاندىن باشلاپ قەشقەر ئەدەبىياتى،

شىنجاڭ تەزكىرىسى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى، شىنجاڭ كۆتۈپخانىچىلىقى، تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ژۇرنىلى، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى، قۇمۇل ئەدەبىياتى ۋە «تۇرپان» قاتارلىق ژۇرناللار ۋە «19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى»، «ئىلىم ۋە ئالىم»، «ئەسىرلەر ئابىدىسى»، «ئۇيغۇر يېقىنقى زامان تارىخىدىكى بىر قىسىم مەشھۇر شەخسلەر» قاتارلىق كىتابلاردا ئۆمەر تېيىپ، ئابدۇرېھىم سابىت، شەرىپىدىن ئۆمەر، ئەشرەپ ئابدۇللا قۇتزات، مامۇت غازى، راجەم ئابدۇرىشىت ئىبراھىم، نۇرۇللا مۆمىن يۇلغۇن، ئابدۇرىشىت ئەھمەد، ئەركىن مۇھەممەت، ئابلا ئەھمىدى، ئەھمەد ھەمدۇللا، ئۆمەر ئوسمان شىپائى ۋە شەرىپ نىياز خۇشتار قاتارلىق قەلەم ساھىبلىرى زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ ۋە ئۇنىڭ ھاياتى پائالىيەتلىرى توغرىسىدا قەلەم تەۋرىتىپ خېلى ئوبيېكتىپ باھالارنى بەرگەن ئىدى. بۇ ماقالىلەر ئىچىدە ھاجى ئەھمەد كۆلتېگىن، ئابدۇرېھىم سابىت، ئابلا ئەھمىدى ۋە راجەم ئابدۇرىشىت ئىبراھىمنىڭ ماقالىسى باشقىلار قەلەمگە ئالمىغان يېڭى باياناتلار بىلەن زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ توغرىسىدىكى چوڭقۇر ئىزدىنىشلەرگە يول ئاچقان ۋە چوڭقۇرلاشتۇرغان. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، زوھورىددىن ھاكىمبەگ توغرىسىدا يېزىلغان ماقالىلەرنىڭ تۈپ مەزمۇنى ئوخشاش بولسىمۇ، ئۇنىڭ ماھىر شائىرلىقى، ئاتىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكى، قانداق شارائىتتا سىياسىي ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغانلىقى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار يەنىلا نامەلۇم پېتى قېپقالغان. يول ئاچقۇچىلارنىڭ ئىزدىنىشلىرى ۋە ئۆزىمىز ئېرىشكەن ماتېرىياللار ئاساسىدا بۇ مۆجمەل نۇقتىلارنى يورۇتۇش ۋە زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ توغرىسىدا تەتقىقاتلاردىن ئەسلەتمە ۋە ئەسكەرتمە بېرىش ۋە ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلىشىش نىيىتىدە قولىمىزغا قەلەم ئالدۇق.

ئەخمەت ھۇسەيىن ئەپەندى «يېچان يېقىنقى زامان مائارىپى» ناملىق ماقالىسىدە «زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ ئىمىن خوجىنىڭ ئەۋرىسى، ئۇنىڭ ئاتىسى يەركەندە ئىشىكئاغا بولغان مۇھەممەت مەھمۇت، ئۇنىڭ ئاتىسى نۇرمۇھەممەد ئۇنىڭ ئاتىسى ئىمىن خوجا ئىدى» دەپ نەقىل كەلتۈرگەن. ئابلا ئەھمىدى ئەپەندى «زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ توغرىسىدا ئۆزگىچە بايان» ناملىق ماقالىسىدە «تارىخچى ۋاڭ شىياڭنىڭ چىڭ سۇلالىسى ئوردا تارىخ ئارخىپلىرىنى مەنبە قىلىپ يازغان ‹1826 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى جاھانگىر خوجا كاشغەر مۇسۇلمانلار قەلئەسىگە ئومۇمىي ھوجۇم قىلدى. ھاكىمبەگ مۇھەممەت سەئىد بىلەن قايتىدىن ۋەزىپىگە قويۇلغان كاشغەر ھاكىمبېگى يۇنۇس جۇنۋاڭ سوقۇشتا ئۆلدى. يۇنۇسنىڭ ئوغلى زوھۇرىددىن ئەسىرگە ئېلىندى› دېگەن بايانغا ئاساسلىنىپ، ‹زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ ئىمىن خوجىنىڭ 6 ـ ئوغلى ئىسكەندەر ۋاڭنىڭ نەۋرىسى، يۇنۇس ۋاڭنىڭ ئوغلى› دېگەن يەكۈننى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويغان.

يەنە بىر قاراشتا «زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ ئىمىن خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى نۇر مۇھەممەت خوجىنىڭ ئوغلى» دېيىلگەن بولۇپ، بۇ خىل قاراش تەكرار ـ تەكرار قەلەمگە ئېلىنىپ كەلگەن.

«قۇمۇل، تۇرپان ئۇيغۇر ۋاڭلىرى تارىخى» ناملىق كىتاپتىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئىمىن خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى نۇرمۇھەممەت خوجا ئېھتىمال مەجرۇھلىقىدىن بولسا كېرەك پۈتۈن ئۆمرىنى ئۆي ـ تىنىسىز ئۆتكۈزۈپ، 1760 ـ يىللىرى ئۆلگەن. بۇنداق بولغاندا، نۇرمۇھەممەت خوجا ئالەمدىن ئۆتكەندە،

زوھۇرىددىن ئەڭ كىچىك بولغاندىمۇ 6 ـ 5 ياشقا كىرگەن، 1819 ـ يىلى تاغىسى مۇھەممەت سەئىد بىلەن قەشقەرگە بارغاندا 65 ياشقا توشقان. 1831 ـ يىلى قەشقەرگە ھاكىمبەگ بولغاندا 75 ياشتىن ھالقىغان بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالنى ئەينى دەۋردىكى تارىخىي شارائىت ھەم سىياسىي ۋەزىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ مۇھاكىمە قىلغاندا، يۇقارقىلارنىڭ مۇمكىنچىلىكى يوق بولۇپ، يېشى بىلەن ھايات پائالىيىتى ئوتتۇرىسىدا ماس كەلمەسلىك مەسىلىسى مەۋجۇتتۇر. زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ يېشىنى نۇرمۇھەممەت خوجىنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەن ۋاقتىدىن تەخمىنلەپ ھېساپلاشمۇ مەنتىقىگە ئۇيغۇن ئەمەس. ئۇنداقتا «زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ ئاتىسى ئىمىن خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى نۇرمۇھەممەت خوجا» دىگەن ھۆكۈمدە خاتالىق بارمۇ قانداق؟!

پاكىت ھامان مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. شۇڭا، ئەمدى بىز زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ ئوردىسىدا خىزمەت قىلغان، شۇ دەۋردىكى ئىش ۋەقەلەرنىڭ گۇۋاھچىسى، شائىر نورۇز ئاخۇن كاتىپ زىيائىينىڭ زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ توغرىسىدا تۆۋەندىكى بايانلىرىغا نەزەر سالايلى :

يەنە تەقدىر ئىلە ئەمرى زامان،
ھاكىمۇل ۋاقتى ساھىبى دەۋران،
فىكرەتى شەمئىي مىھرىدەك ماھىر،
شاھ زوھۇرىددىن ئىبنى مىر تاھىر.

يەشمىسى : تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن دەۋرنىڭ سەركىسى مىرتاھىر ئوغلى شاھ زوھۇرىددىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقتىدا قۇياشقا ئوخشاش ئىللىق نۇرنى تارقاتتى.
شائىر نورۇز ئاخۇن كاتىپ زىيائى «شاھ زوھۇرىددىن ئىبنى مىر تاھىر» دېگەن ئۇچۇرى ئارقىلىق، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىلا زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ ئاتىسىنىڭ مىر تاھىر ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بەرگەن.

## مىر تاھىر كىم ؟

ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتى تەتقىقاتچىلىرىدىن سۇبىيخەي ۋە خۇاڭ جىيەنخۇا قاتارلىقلار چىڭ سۇلالىسى ئوردا تارىخى ماتېرىياللىرى ۋە خەلق ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ يېزىپ چىققان «قۇمۇل ـ تۇرپان ئۇيغۇر ۋاڭلىرى تارىخى» ناملىق كىتابىدا «نۇرمۇھەممەت ئىمىن خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، ئېھتىمال مەجروھلىقىدىن بولسا كېرەك، پۈتۈن ئۆمرىنى ئۈن ـ تىنسىز ھالەتتە ئۆتكۈزگەن. ئۇنىڭدىن مۇھەممەت ( تولۇق ئىسمى مۇھەممەت مەھمۇت ) ۋە تاھىر ئىسىملىك

ئىككى ئوغۇل قالغان» دەپ يازغان. ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ قوللىنىش تەكرارلىقى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئوخشاش ئىسىملىك كىشىلەر ناھايىتى كۆپ. شۇڭا نورۇزاخۇن زىيائى تىلغا ئالغان «مىرتاھىر» بىلەن «قۇمۇل تۇرپان ئۇيغۇر ۋاڭلىرى تارىخى» ناملىق كىتاپتا نامى قەيت قىلىنغان «تاھىر» نى بىر ئادەمنىڭ ئىسمى دېيىشكە ئاساس بارمۇ ؟

مەلۇم بولغىنىدەك، «مىرتاھىر» دېگەن ئىسىمنىڭ ئەسلى يىلتىزى «تاھىر»، ‹مىر› بولسا «بەگ،خوجا» مەنىسىنى بىلدۈردىغان «ئەمىر» سۆزىنىڭ تىلىمىزدىكى قىسقارتىلىشى بولۇپ «مىرتاھىر» ئىسمىدا زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ ئاتىسىنىڭ بەگ ئەۋلادلىرىدىن بولغانلىق سەۋەبىدىن، شۇنداقلا شائىر زىيائي ھۆرمەت يۈزىسىدىن «مىرتاھىر» دەپ ئاتىغان. بۇ خىل ئاتاش ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدە شۇنداقلا زىيائىي، نىزارى ۋە باشقا كىلاسسىك شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئەمدى بىز ئەينى دەۋردە زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ ئوردىسىدا باش كاتىپ بولغان شائىر ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ توغرىسىدا يازغان مۇنۇ مىسرالىرىنى ئوقۇپ باقايلى :

بەنەگان يىتىبان پەلەكتىن قەزا،
كىچىكلىكىدە قىلدى ئاتادىن جۇدا.

يەشمىسى : مەزگىلسىز قازا يېتىپ، كىچىك چېغىدا ئاتىسىدىن ئايرىلدى.

دەرۋەقە، زوھۇرىددىن كىچىك ۋاقتىدا ئاتىسى قازا قىلىپ كېتىپ، گۆدەك ۋاختىدىلا ئاتىسىدىن ئايرىلغان زوھۇرىددىن ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى ناسىر ئۆز ئاتىسى ئورنىدا ئۆزلىرىگە ئاتا بولالايدىغان تاغىسى مۇھەممەت مەھمۇدنىڭ ھىمايىسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن. شۇڭا، ھەقىقىي ئەھۋالدىن خەۋەرسىزلەر «مۇھەممەت مەھمۇتنى زوھۇرىددىن ۋە ناسىرنىڭ ئۆز ئاتىسى» دەپ بىلگەن. «زوھۇرىددىننىڭ ئاتىسى يەكەندە ئىشكاغا بولغان مۇھەممەت مەھمۇت»دېگەن كۆز قاراش دەل بۇنىڭ ئىپادىسى. شۇ ۋەجىدىن، بۇ قاراشمۇ پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ.

نۇرمۇھەممەت خوجىنىڭ ئوغۇللىرى مۇھەممەت مەھمۇت بىلەن تاھىر ۋە تاھىرنىڭ ئوغۇللىرى زوھۇرىددىن بىلەن ناسىر قاتارلىق ئىككى ئەۋلات كىشىلەرنىڭ «ئاتىسىدىن كىچىك يېتىم قېلىپ، تاغىسى ھىمايىسىدە ئۆسۈپ يېتىلىش» تەك ئوخشاش ئاچچىق تارىخىي كەچۈرمىشلەرگە ئىگە بولغانلىقى، زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ باققان ئاتىسى مۇھەممەتمەھمۇت بىلەن بوۋىسى نۇرمۇھەممەتنىڭ ئىسىملىرىنىڭ مەلۇم جەھەتلەردىن ئوخشاشلىقى سەۋەپلىك مۇھەممەت مەھمۇت بىلەن نۇرمۇھەممەت ئاتا ـ بالا ئىككەيلەن بىر كىشى يەنى نۇر مۇھەممەت دەپ بىلىنىشتەك خاتا تونۇش شەكىللەنگەن. ئاغزاكى ئاساسسىز بايانلارنى ئاساس قىلغان چۈشەنچىلەر «زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ ئىمىن خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى نۇرمۇھەممەت خوجىنىڭ ئوغلى»دېگەن كۆز قاراش ئۈچۈن بىر مەزگىل مەنبە بولغان.

خۇلاسە شۇكى : زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ ئاتىسى ئىمىن خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى نۇرمۇھەممەت خوجىنىڭ ئوغلى تاھىردۇر. شۇنداق بولغاندا، مەزكۇر زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ ئىمىن خوجىنىڭ نەۋرىسى ئەمەس، بەلكى ئەۋرىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ بۇلۇشتىن ئىلگىركى ئەھۋالى

زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ باقىقان ئاتىسى مۇھەممەت مەھمۇت يەكەندە ئىشىكاغا بولغاچقا، زوھۇرىددىن يەركەندە تاغىسى ھىمايىسىدە چوڭ بولغان. شۇڭا، بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ « زوھۇرىددىننى قەشقەردە توغۇلغان» دېگەن قاراشلىرى دەل مۇشۇ سەۋەپتىندۇر. لېكىن زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يەنىلا يۇرتى لۈكچۈنگە قايتىش ئۇنىڭ ئۆزى تۇغۇلغان ماكان، ئاتا ـ ئانىسى ياتقان جاي يەنىلا لۈكچۈن ئىكەنلىكىنى مۇنازىرىسىز ئىسپاتلايدۇ. تا ھازىرغىچە بەزىلەر ئۇنى ھاكىمبەگ بولۇشتىن ئىلگىرى مۇھەممەت سەئىد ۋاڭ ھاكىمبەگ ئوردىسىدا يۈگۈر ـ يىتىم ئىشلارغا ياردەملەشكەن دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر مەلۇم ئەمەل مەنسەپ تۇتقان دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلمەكتە ئىدى. يېقىندا ئوتتۇرىغا چىققان مۇنۇ يېڭى تارىخي ئۇچۇرلار بۇ قاراشنمۇ ئاغدۇرۇپ تاشلىدى.

«داۋگۇاڭنىڭ 4 ـ يىلى ( 1824 ـ يىلى ) قەشقەرنىڭ ھاكىمبېگى مۇھەممەت سەئىد داۋگۇاڭ خانغا كۆك رەڭلىك قاشتېشى ئات ھەيكەل سوۋغات قىلماقچى بولغان. ئەمما مۇھەممەت سەئىدنىڭ زىيارەت قىلىش نۆۋىتى كەلمىگەنلىكتىن، بۇ سوۋغىتىنى شۇ يىلى بېيجىڭنى زىيارەت قىلىشقا بارغان جيەنى زوھۇرىددىندىن ئەۋەتكەن» دېگەن ئۇچۇرلارغا قاراپ تۇرۇپ، بىز مۇھەممەتسەئىدنىڭ ئىمىن خوجىنىڭ نەۋرىسى، زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ ئىمىن خوجىنىڭ ئەۋرىسى بولۇپ، يۇقىرىقى ئىككەيلەن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ تاغا ـ جيەن مۇناسىۋىتى ئىكەنلىكىنى، سوۋغاتنى ئالغاچ بارغان كىشىنىڭ دەل مۇھەممەتسەئىد ھاكىمبەگنىڭ يېقىنى بولغان جيەنى زوھۇرىددىن ھاكىمبەگلىكىنى بىلەلەيمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ 1824 ـ يىلى مەنچىڭ خاننى زىيارەت قىلغانلىقى ۋە 1831 ـ يىلى ئىلىدىن قەشقەرگە ھاكىمبەگلىككە تەيىنلىنىشى ئۇنىڭ بۇرۇن ھاكىمبەگ ئوردىسىدا يۈگۈر ـ يېتىم ئىشلارنى قىلغان ئەمەس، بەلكى مەلۇم ئەمەل مەنسەپتە بولغانلىقى ۋە قەشقەر ۋەزىيىتىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

لۈكچۈنگە قايتىپ كېلىشى، تۇغۇلغان ۋاقتى ۋە ئالەمدىن ئۆتكەن ۋاقتى:

زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدا ئوخشىمىغان كۆز قاراشلار بار. بۇ توغرىلىق توختالغاندا، تۆۋەندىكى بىر تارىخي ئۇچۇرنى كۆرۈپ ئۆتەيلى :

1854 ـ يىلى 10 ـ ئايدا قەشقەر خانئېرىق يېزىسىدىكى شامۆمىن كانجۇت تەۋەسىدە ياشايدىغان بىر ئىشاننى ئېلىپ كېلىپ، ئۇنى يۈسۈپ خوجىنىڭ ئەۋلادى دەپ يالغان ئېيتىپ، ئۇيغۇر ئامىنى توپلاپ

ئېچتتقۇ ھەربىي رابات قاتارلىق جايلاردىكى ئۆي ئىمارەتلەرنى كۆيدۈرۈپ، ئۇيغۇر ئەسكەر ۋە خەلقلەرنى توپلاپ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. قەشقەردىكى ئۈچۈنچى دەرىجىلىك ھاكىمبەگ مۇھەممەت ۋە يەركەندىكى ئۈچۈنچى دەرىجىلىك ھاكىمبەگ ئاقراي ئەسكەر ئەۋەتىپ ئۇلارنى تىنجىتقان. بۇ قېتىمقى چوڭ غەلىيانىنى قان تۆكمەي ھەل قىلىشتا زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ تۆھپىسى زور بولغاچقا، خەلق ئۇنى مەدھىيىلەپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇتلۇق ئىسمىنى ئۇنىڭ ھۆرمەت نامى قىلىپ «مۇھەممەت قۇتلۇق تاجى ھاكىمبەگ» دەپ ئاتىغان .شۇڭا دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى ۋەخپىسى»، «ئاپاق خوجا مازىرى ۋەخپىسى»، ھەتتا مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مازىرى بولمىش «ھەزرىتى موللام مازىرىغا ۋەخپە قىلىنغان مەسنەۋى شېرىپتىكى بىباھا ھۆججەت قاتارلىق ۋەسىقىلەردە زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ، «مۇھەممەت قۇتلۇق تاجى ھاكىمبەگ» دېگەن ئىسمى ۋە ھۆرمەت نامى تەڭ زىكرى قىلىنغان. يۇقارقى تارىخىي ئۈچۈرلاردا قەيت قىلىنغان قەشقەرنىڭ ئۈچۈنچى دەرىجىلىك ھاكىمبېگى «قۇتلۇق تاجى مۇھەممەت ھاكىمبەگ» دېگەن نامىمۇ زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ «مۇھەممەت قۇتلۇق تاجى ھاكىمبەگ» دېگەن ھۆرمەت نامىنىڭ قىسقارتىلىشى بولۇپ، بۇ پاكىت زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ 1852 ـ يىلى ياكى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋاپات بولغان بولماستىن، 1854 ـ يىلى 10 ـ ئايدا قەشقەردە داۋاملىق ھاكىمبەگلىك ۋەزىپىسىدە ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئىسپاتلايدۇ.

زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدا راجەپ ئابدۇرېشىت ئىبراھىم ئەپەندى مەخسۇس ماقالە ئېلان قىلىپ، 1861 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ قەشقەردە ھاكىمبەگلىك ئورنىدا ئىكەنلىكىنى، 1863 ـ يىلى ۋاپات بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىققان. لېكىن، ئۇنىڭ قانداق تارىخىي شارائىتتا ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغانلىقى توغرىسىدا زادىلا توختالمىغان. زوھۇرىددىن تاجىبەگ قەشقەردە ھاكىمبەگ بولغان ئاخىرقى مەزگىللەردە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى بارلىق ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلارغا بېرىلىدىغان تەمىناتلارنى بېرەلمىگەچكە، ئىلى مەھكىمىسىنى يادرو قىلغان ئىشغالچى كۈچلىرى شۇ چاغدىكى مالىيە قىيىنچىلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يەرلىك ئۇيغۇر بەگلەرنىڭ ئەمەل ـ مەنسەپلىرىنى سېتىشقا باشلىغان. مەنچىڭ باش ھۆكۈمىتىمۇ ئوچۇق ئاشكارا ھالدا ئەمەل ـ مەنسەپ سېتىش ئىشلىرىغا مەدەت بەرگەن. ئېغىر ۋەزىيەتنى كۆزىتىۋاتقان زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ ئۆزىنىڭ خېلىلا ياشىنىپ قالغانلىقىنى باھانە قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن شۇ چاغدىكى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ قىستىشى بىلەن ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىپ، ئۆز يۇرتى لوكچۇنگە قايتىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن، «كۇچالىق بىر باي قەشقەر ھاكىمبەگلىكىنى سېتىۋېلىپ» زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ ئورنىغا ھاكىمبەگ بولغان. شۇ مەزگىلدە، 1853 ـ يىلى لوكچۇندىن يەكەنگە بېرىپ ھاكىمبەگلىك قىلىۋاتقان «ئەپرىدۇن ھاكىمبەگمۇ 1861 ـ يىلى نامەلۇم گۇناھ بىلەن يەكەندىكى ھاكىمبەگلىك ئورنىدىن قالدۇرۇلۇپ، خوتەنلىك رۇستەم بەگ ئىككى مىڭ ئالتۇن يامبۇغا ئەپرىدۇننىڭ يەركەن ھاكىمبەگلىك ئورنىنى سېتىۋالغان». شۇنىڭ بىلەن يەكەن ۋە قەشقەردە ھاكىمبەگ بولغان ئۇرۇق تۇغقان بۇ ھاكىمبەگلەر 1861 ـ يىلى ئەتىياز ۋە كۈزدە كەينى ـ كەينىدىن يۇرتى لوكچۇنگە قايتىپ كەلگەن. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ 85 يېشىدا ئالەمدىن

ئۆتكەن. ئەپرىدۇن ۋاڭ بولسا لۇكچۇنىدە داۋاملىق ۋاڭلىق مەنسىپىدە ئولتۇرۋاتقان چېغىدا قەشقەردە توپىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ قالايمىقانچىلىق بولغاچقا، 1863 ـ يىلى يازدا يەنە بىر قېتىم چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قەشقەرگە ھاكىمبەگلىككە ئەۋەتىلگەن. بۇ ھەرگىزمۇ «زوھۇرىددىنىنىڭ ئوغلى بولمىغاچقا، نەۋرە ئىنى ئەپرىدۇننىڭ ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىشى» ئەمەس، بەلكى مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ جىددىي ۋەزىيەتتىكى ئورۇنلاشتۇرۇشى ئىدى. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا نۇرغۇن كىشىلەر ئەجداتلىرىنىڭ قاچان تۇغۇلۇپ قاچان ۋاپات بولغانلىقىنى بىلمىسىمۇ، قانچە ياشتا ۋاپات بولغانلىقىنى بىلىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، «زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ 85 يېشىدا ۋاپات بولغان» لىقى ئەڭ ئىشەنچلىك. ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى، «85 ياش» ھىجرىيە كالېندارى بويىچە ھېساپلانغان بولۇپ، مىلادىيە كالېندارى بويىچە «83ياش» بولغان بولىدۇ. «1863 ـ يىلى 83 يېشىدا ۋاپات بولغان» لىقى بويىچە ھېساپلىغاندا، ئۇنىڭ 1780 ـ يىلى ئەتراپىدا تۇغۇلغانلىقى ئېنىق.

## زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى

پىچاندىكى پېشقەدەم مائارىپچى تېيىپ پولات ئەپەندى ھايات چېغىدا توپلىغان ماتېرىياللىرى ئاساسىدا ئوغلى ئۆمەر تېيىپ، «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان ماقالىسىدە، مەرھۇم زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ بەش قىزى بارلىقىنى تىلغا ئالغان. يازغۇچى ئابلا ئەھمىدى «زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ توغرىسىدا ئۆزگىچە بايان» ناملىق ماقالىسىدە «زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ قەشقەر ئوپالدىكى ئەڭ كاتتا باي چوڭبەگنىڭ ئارزۇلۇق قىزىمەرەم خېنىمنى كىچىك خوتۇنلۇققا ئالغانلىقىنى، شائىر ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ ئۇستازى مۇللاغوجەش خەلپىتىم بىلەن قۇدىلىشىپ ئۇنىڭ قىزى ئانار خېنىمنى ئوغلى خۇدا بەردى ھېكىمبەگكە ئېلىپ بەرگەنلىكىنى» قەيت قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، قەشقەر يېڭى ئۆستەڭدە زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ دادا تەرەپ ئەۋلادلىرى بولۇپ، شۇ ئەۋلادلىرىدىن ھازىر ھايات بولغان ئىمىر غوجا دىگەن كىشى ئوغلىغا «زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ» دەپ ئىسىم قويغان.

## زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ شائىرمۇ ؟

زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ توغرىسىدا قەلەم تەۋرەتكەنلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئۇنى «دىۋانى زوھۇرى» ناملىق توپلامنىڭ ئاپتورى دەپ قاراپ شائىرلىقىنى ئالغا سۈرۈپ كەلگەن. قۇمۇلدىكى قەلەم ساھىبى ئەھمەد

ھەمدۇللا ئەپەندى «شائىر زوھۇرى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىدە زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ «دىۋانى زوھۇرى» نىڭ ئاپتورى بولماستىن، بەلكى«زوھۇرى» تەخەللۇسلۇق مىرزا زوھورىددىن دىگەن كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. كېيىن يازغۇچى ئابلا ئەھمىدى ئەپەندىمۇ «زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ توغرىسىدا ئۆزگىچە بايان» ناملىق ئۆزۈن ماقالىسىدە تېخىمۇ كۈچلۈك ئىسپاتلار بىلەن زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ «دىۋانى زوھۇرى» نىڭ ئاپتورى ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. دېمەك زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ «دىۋانى زوھۇرى» نىڭ ئاپتورى ئەمەسلىكى ئاللىقاچان ئىسپاتلىق ھەل قىلىنىپ بولغان.

«دىۋانى زوھۇرى» نىڭ ئاپتورى مىرزا زوھۇرىددىن شېئىرلىرىدا ئۆز يۇرتىنى شۇنچىلىك سېغىنغانلىقىنى، يۇرتىغا قايتالمىغانلىقىنى يازىدۇ. ئۇ ھەتتا شېئىرلىرىدا «ئايلىدا، قىچقىر، تۇۋاق، مۇنداغ، ياڭى، قولداش ـ قوللاش» قاتارلىق يەرلىك شېۋىلەر ئۇچرايدۇ. بۇ تىل ھادىسىلىرىنىڭ تۇرپان تەۋەسىدە يەرلىك شېۋە بولۇش ئالاھىدىلىكى بىلەن ساقلىنىۋاتقانلىقى بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. زوھورىددىن ھاكىمبەگنى ئۆزى يازمىغان ئەسەرنىڭ ئاپتورى دەپ كاجلىق قىلىش ئۇنىڭ ئىرادىسىگە مۇخالىپ، ھەم شۇنداقلا «زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنى شېئىرىيەتتىن خەۋرى يوق، شائىر ئەمەس» دەپ قاراشمۇ تارىخقا ھۆرمەتسىزلىك ۋە چوڭ مەسئۇلىيەتسىزلىك بولىدۇ. زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ «شەكەرىستان» ناملىق داستانىنى يازغانلىقى مەلۇم بولغاندىن باشقا ھەممە يازمىلىرى ھازىرغىچە تېپىلمىدى. لېكىن زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ ئۆز دەۋرىنىڭ تالانتلىق شائىرلىرىدىن ئىكەنلىكى پاكىت تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقەت. خۇددى خوراسان پادىشاھى، لىرىك شائىر ھۆسەيىن بايقارا ئۆزدەۋرىدە ئەلىشىر نەۋائى قاتارلىق شائىرلارنى، سەئىدىيە خانلىقى سۇلتانى شائىر، مۇغەننىي ئابدۇرىشىتخان شائىر قىدىرخان يەركەندى، شائىر ئامانىنساخانلارنى ئۆزىنىڭ ئەتراپىغا توپلىغانغا ئوخشاش شېئىرىيەتكە كۈچلۈك مۇھەببەت باغلىغاندەك، شائىر زوھۇرىددىن ھاكىمبەگمۇ مۇھەممەت سادىق كاشغەرى، ئابدۇرېھىم نىزارى، نورۇز ئاخۇن كاتىپ زىيائى، تۇردۇش ئاخۇن غېرىبى، ئىمىر ھۆسەيىن سەبۇرى قاتارلىق داڭلىق شائىر، ئۆلىما ئالىملارنى ئۆز ئەتراپىغا يىغقان ۋە ئۇلارنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىپ ئۇلارغا ئىجادىيەت مۇھىتى يارىتىپ بەرگەندىن سىرت، يەنە 1842 ـ يىلى ئۆز يېنىدىكى ئەڭ مۇھىم قەلەم ئەھلىلىرىنى تۇرپاندىكى جىيەنى ئەپىرىدۇن ۋاڭ يېنىغا بىر نەچچە يىللىق ئەۋەتىپ، تۇرپاندىكى بىلىم ئەھلى بىلەن قەشقەردىكى نوپۇزلۇق بىلىم ئەھلىنى ئۇچراشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ، يەنىمۇ مۇكەممەل ئىجادىيەت يارىتىشىغا شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن. 19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى گۈللىنىش دەۋرىنىڭ ئېچىلىشىدا زور رول ئوينىغان.

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز





# مۇلايىملىق تېپىلغان ئىش گۈزەللىشىدۇ

مۇھەممەد ئارىفى

# مۇلايىملىق تېپىلغان ئىش گۈزەللىشىدۇ

دوكتور مۇھەممەد ئارىفى

**بىز بىراۋنى ياخشى كۆرسەك، ئۇنى سۈپەتلەشتە «پالانى ئېغىر ـ بېسىق»، «پوكۇنى تەمكىن»، «پۈستانى ئۆزىنى تۇتۇۋالغان» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن قارشى تەرەپكە بولغان كۆز قارىشىمىزنى ئىپادىلەيمىز.**

**بىراۋنى ياقتۇرمىغىنىمىزنى بىلدۈرۈش ئۈچۈنمۇ «پالانى بەك تەنتەك»، «پوكۇنى كاللىسىنى ئىشلەتمەيدۇ» دەيمىز.**

**رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ خۇسۇستا مۇنداق دېگەن: «ھەر قانداق ئىشتا مۇلايىملىق تېپىلسا، بۇ چوقۇم ئۇ نەرسىنى گۈزەللەشتۈرىدۇ. ھەر قانداق ئىشتا مۇلايىملىق تېپىلمىسا، بۇ ئۇنى نۇقسانلىق قىلىپ قويىدۇ.» (سەھىھۇل مۇسلىم)**

**ئىككى دوست تاسادىپىي ھالدا ئوخشاش بىر ئادەمنىڭ قىزلىرىغا توي تەكلىپى قويۇش ئۈچۈن كەپتۇ. بۇ ئادەمنىڭ ئىككى قىزى بار ئىكەن.**

**ئىككى دوستتىن بىرى يەنە بىرىگە: «مەن ئۇنىڭ كىچىك قىزىنى ئەمرىمگە ئالىمەن، سەن چوڭىنى ئالغىن» دەپتۇ. دوستىمۇ بوش كەلمەي: «ئۇنداق ئىش يوق! سەن چوڭىنى ئال، كىچىكىنى ئۆزۈم ئالىمەن» دەپتۇ.**

**شۇنىڭ بىلەن دەسلەپتە ئېغىز ئاچقىنى: «بوپتۇ، ئۇنداقتا كىچىكىنى سەن ئال. ئۇنىڭدىنمۇ كىچىكىنى مەن ئالاي» دەپتۇ. يەنە بىرى: «بولىدۇ، دېگىنىڭدەك بولسۇن» دەپتۇ.**

**ھالبۇكى، ئۇ دوستىنىڭ قارارىنى ئۆزگەرتمىگەنلىكىنى، پەقەت سىپايىلىك بىلەن سۆز ئۇسلۇبىنى ئۆزگەرتكەنلىكىنى ئاڭقىرالمىغانىدى.**

**بىر ھەدىستە شۇنداق دېيىلگەن: «ئاللاھ بىر ئائىلىگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇلارغا مۇلايىملىقنى نېسىپ قىلىدۇ. ئەگەر ئاللاھ بىر ئائىلىگە يامانلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇلاردىن مۇلايىملىقنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ.» (ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان)**

**يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «ئاللاھ مۇلايىمدۇر، مۇلايىملىقنى ياخشى كۆرىدۇ. قوپاللىققا (يەنى قوپال كىشىلەرگە) بەرمىگەننى مۇلايىملىققا (يەنى مۇلايىم كىشىلەرگە) بېرىدۇ.» (سەھىھۇل مۇسلىم)**

مۇلايىم كىشى سىپايە بولىدۇ، كىشىلەر تەرىپىدىن ياخشى كۆرۈلىدۇ، ئىنسانلارنىڭ ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ. ئەگەر ئۇ سۆزلىرىنى ئويلىشىپ قىلىدىغان ۋە مۇكەممەل ئەدەپكە ئىگە كىشى بولسا، ئەھۋال تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

ئىمام ئەبۇ يۈسۈپ ئەڭ مەشھۇر ھەنەفىي ئالىملىرىدىن ۋە ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ئەڭ داڭلىق شاگىرتلىرىدىن بىرىدۇر.

ئەبۇ يۈسۈپ كىچىكلىكىدە يوقسۇللۇقنىڭ دەردىنى تارتقانىدى. دادىسى ئۇنى ئەبۇ ھەنىفەنىڭ دەرسلىرىگە قاتنىشىشتىن چەكلەپ، بازارغا بېرىپ ئىشلەشكە بۇيرۇيتتى. ئەبۇ ھەنىفە ئۇنىڭغا تولىمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ، دەرسلەرگە كەلمىسە كايىيتتى.

ئەبۇ يۈسۈپ بىر كۈنى دادىسىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە ئەبۇ ھەنىفەگە شىكايەت قىلىۋىدى، ئەبۇ ھەنىفە ئەبۇ يۈسۈپنىڭ دادىسىنى چاقىرىپ: «بۇ بالا ھەركۈنى قانچە پۇل تاپىدۇ؟» دەپ سورىدى. دادىسى: «ئىككى دىرھەم» دېۋىدى، ئەبۇ ھەنىفە: «ئۇنداقتا مەن ساڭا ئىككى دىرھەم بېرەي، ئۇنىڭ ئىلىم تەھسىل قىلىشىغا رۇخسەت قىلغىن» دېدى.

ئەبۇ يۈسۈپ ئىككى يىل ئۇستازىنىڭ يېنىدىن ئايرىلمىدى. قۇرامىغا يېتىپ، تەڭتۇشلىرى ئارىسىدا كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىغاندا، ئېغىر كېسەل بولۇپ قالدى. ئەبۇ ھەنىفە ئۇنى يوقلاپ باردى. ئەبۇ يۈسۈپنىڭ كېسىلى تولىمۇ ئېغىر ئىدى ۋە جايىدىن مىدىرلىيالمايتتى. ئەبۇ ھەنىفە ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ، كۆڭلى يېرىم بولدى، ھەتتا ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرىدى.

ئاندىن ئۇ ئەبۇ يۈسۈپنىڭ يېنىدىن چىقىۋېتىپ: «ئاھ! ئەبۇ يۈسۈپ! ئۆزۈمدىن كېيىن كىشىلەر ئۈچۈن سېنىڭ بار بولۇشۇڭنى خالايتتىم» دېدى.

ئاندىن، ئەبۇ ھەنىفە پەرىشان ھالدا دەرس ھەلقىسىگە، ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئەبۇ يۈسۈپنىڭ كېسىلى ياخشىلاندى ـ دە، يۇيۇنۇپ تارىنىپ، ئۇستازىنىڭ دەرسگە قاتنىشىش ئۈچۈن كىيىملىرىنى كىيىۋىدى، ئەتراپىدىكىلەر ئۇنىڭدىن: «نەگە بارىسەن؟» دەپ سورىدى. ئۇ: «ئۇستازىنىڭ دەرسىگە» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇلار: «قاچانغىچە ئىلىم تەھسىل قىلىسەن؟ ئۆگەنگەنلىرىڭ يەتمىدىمۇ؟ ئۇستازىڭنىڭ سېنىڭ ھەققىڭدە دېگەنلىرىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟» دېدى. ئۇ: «ئۇستاز نېمە دەپتۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئۇلار: «ئۇ <ئۆزۈمدىن كېيىن كىشىلەر ئۈچۈن سېنىڭ بار بولۇشۇڭنى خالايتتىم> دەپتۇ. سەن ئەبۇ ھەنىفەدىكى بارچە ئىلىمنى ئۆگىنىپ بولدۇڭ، ئەمدى ئۇنىڭ (ئۇستازلىق) ئورنىدا ئولتۇرىدىغان سەۋىيەدىسەن» دېيىشتى.

بۇ گەپ ئەبۇ يۈسۈپكە ياقتى. ئۇ مەسچىتكە بېرىپ، ئەبۇ ھەنىفەنىڭ بىر بۇلۇڭدىكى ھەلقىسىنى كۆردى ـ دە، ئۆزى يەنە بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ، دەرس ئۆتۈپ، پەتىۋا بېرىشكە باشلىدى. ئەبۇ ھەنىفە يېڭى ھەلقىنى كۆرگەندىن كېيىن: «بۇ كىمنىڭ ھەلقىسى؟» دەپ سورىدى. شاگىرتلىرى: «ئەبۇ يۈسۈپنىڭ»

دېۋىدى، ئەبۇ ھەنىفە: «ئۇنىڭ كېسىلى ساقىيىپتىمۇ؟» دەپ سورىدى. شاگىرتلىرى: «شۇنداق» دېۋىدى، ئۇ: «ئۇنداقتا ئۇ نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ دەرسىمىزگە قاتناشمىدى؟» دەپ سورىغانىدى، شاگىرتلىرى: «سىلى دېگەن سۆز ئۇنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشىلەرگە دەرس بېرىش ئۈچۈن ھەلقە تۈزۈپ، ئۆزىنى سىلىدىن بىھاجەت ساناپتۇ» دېيىشتى.

ئەبۇ ھەنىفە بۇ ئىشنى سىپايىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىشنىڭ يوللىرى ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلىدى ۋە بىر ئازدىن كېيىن: «ئۇنىڭغا زۆرۈر ساۋاقلارنى بەرمىسەك بولماپتۇ» دېگەندىن كېيىن، ئۆز ھەلقىسىدىكى شاگىرتلىرىدىن بىرىگە مۇنداق دېدى:

«ئاۋۇ يەردە ئولتۇرغان ئۇستازىڭ (يەنى ئەبۇ يۈسۈپنىڭ) يېنىغا بېرىپ، <ئۇستاز! سورايدىغان سوئالىم بار ئىدى> دېگىن، ئۇ سېنىڭ سوئال سورىشىڭدىن خۇش بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ پەقەتلا ئۆزىدىن سوئال سورىلىشى ئۈچۈنلا شۇ يەردە ھەلقە تۈزۈپ ئولتۇرۇۋاتىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا مۇنداق دېگىن:

بىرەيلەن كىيىمىنى قىسقارتقىلى تىككۈچىگە بېرىپتۇ. بىر قانچە كۈندىن كېيىن، كىيىمىنى ئالغىلى كەلگىنىدە، تىككۈچى ئۇنىڭ كىيىمىنى ئالغانلىقىدىن تېنىۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، كىيىمنىڭ ئىگىسى ساقچىنىڭ قېشىغا بېرىپ، تىككۈچىنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىپتۇ. ساقچى كېلىپ، تىككۈچىنىڭ دۇكىنىدىن ھېلىقى كىيىمنى تېپىپتۇ. سوئال شۇكى: بۇ خىل ئەھۋالدا، تىككۈچىگە كىيىمنى قىسقارتقانلىقىنىڭ ھەققى بېرىلەمدۇ، بېرىلمەمدۇ؟

ئەگەر ئۇ ساڭا: <ھەققى بېرىلىدۇ> دەپ جاۋاب بەرسە، < خاتالاشتىلا> دېگىن. ئەگەر: <ھەققى بېرىلمەيدۇ> دېسىمۇ، ئوخشاشلا: <خاتالاشتىلا> دېگىن.»

بۇ مۇرەككەپ سوئالنى ياقتۇرغان ھېلىقى شاگىرت ئەبۇ يۈسۈپنىڭ قېشىغا بېرىپ: «ئۇستاز! سىلىدىن سورايدىغان سوئالىم بار ئىدى» دېدى. ئەبۇ يۈسۈپ: «نېمە مەسىلە ئىدى؟» دېۋىدى، ھېلىقى شاگىرت: «بىر ئادەم تىككۈچىگە بىر كىيىمنى ئاپىرىپ بەرگەن بولسا» دەپ باشلاپ، ئەبۇ ھەنىفە ئۆگەتكەننىڭ ئەينىسى بويىچە سوئال سورىدى.

ئەبۇ يۈسۈپ: «شۇنداق، ئىشنى تۈگەتكەنلىكى ئۈچۈن ئىش ھەققى ئېلىشى كېرەك» دەپ جاۋاب بەردى.

سوئال سورىغۇچى: «خاتالاشتىلا» دېدى. ئەبۇ يۈسۈپ بۇ گەپتىن ھەيران بولغىنىچە، سوئال ھەققىدە تېخىمۇ چوڭقۇر ئويلاندى ۋە ئاخىرىدا: «ياق، ئۇنىڭغا ئىش ھەققى بېرىلمەسلىكى كېرەك» دېدى. ئەمما، سوئال سورىغۇچى بۇ قېتىممۇ: «خاتالاشتىلا» دېدى. ئەبۇ يۈسۈپ ئۇنىڭغا تازا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن: «ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئېيتقىنە، سېنى زادى كىم ئەۋەتتى؟» دېۋىدى، ھېلىقى شاگىرت ئەبۇ ھەنىفەنى كۆرسەتكىنىچە: «مېنى ئۇستاز ئەۋەتتى» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، ئەبۇ يۇسۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ھەلقىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۆرە تۇرغىنىچە: «ئۇستاز! بىر سوئال بار ئىدى» دېۋىدى، ئەبۇ ھەنىفە ئۇنىڭغا قارىمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ يۇسۇپ ئۇستازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەدەپ بىلەن:

ـ ئۇستاز، بىر سوئال بار ئىدى، دېۋىدى، ئەبۇ ھەنىفە:

ـ قېنى سورىغىن، دېدى.

ـ سىلى ئۇ سوئالنى بىلىدىلا.

ـ تىككۈچى بىلەن كىيىم مەسىلىسىمۇ؟

ـ شۇنداق.

ـ سەن بېرىپ ئۆزۈڭ جاۋاب بەرگىن. سەن ئۇستاز ئىدىڭغۇ؟

ـ ئۇستاز سىلى ئۆزلىرى.

شۇنىڭ بىلەن، ئەبۇ ھەنىفە مەسىلىنىڭ جاۋابى توغرىسىدا مۇنداق دېدى:

ـ بۇنىڭدا كىيىمنىڭ قانچىلىك قىسقارتىلغانلىقىغا قارايمىز. ئەگەر ئۇنىڭ قىسقارتىلغاندىن كېيىنكى ئۆزۈنلۈقى كىيىمنىڭ ئىگىسىنىڭ بويىغا ماس كەلسە، تىككۈچى ئىشنى بۇيرۇلغىنى بويىچە قىلغان ۋە كىيىمنىڭ ئىگىسى ئۈچۈن ئىشلىگەن بولىدۇ ـ دە، شۇ ۋەجىدىن ئىش ھەققىگە لايىق بولىدۇ.

ئەگەر كىيىمنىڭ قىسقارتىلغاندىن كېيىنكى ئۇزۇنلۇقى تىككۈچىنىڭ ئۆزىنىڭ بويىغا ماس كەلسە، ئۇ ئۆزى ئۈچۈن ئىشلىگەن بولىدۇ ۋە شۇ سەۋەبلىك ئىش ھەققى ئالالمايدۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ئەبۇ يۇسۇپ ئەبۇ ھەنىفەنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى ۋە تاكى ئەبۇ ھەنىفە ۋاپات بولغانغا قەدەر ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلمىدى. ئەبۇ ھەنىفە ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئاندىن كىشىلەرگە دەرس ئۆتۈش ئۈچۈن ھەلقە تۈزۈپ ئولتۇردى.

***

مۇلايىملىق ۋە مەسىلىلەرنى تەمكىنلىك بىلەن ھەل قىلىش نېمە دېگەن ياخشى ھە!

ئەگەر ئەر ـ ئاياللار، ئاتا ـ ئانىلار، مۇدىرلار ۋە ئوقۇغۇچىلار مۇلايىم بولسا، مەسىلىلەرنىڭ ۋە جېدەللەرنىڭ نۇرغۇنى تۈگىگەن بولاتتى.

بىز ھەر دائىم، مەيلى ماشىنا ھەيدىگەندە، دەرس ئۆتكەندە ۋە سودا ـ سېتىق قىلغاندا مۇلايىملىققا موھتاجمىز.

گاھىدا نەسىھەت قىلىشتا قاتتىق مۇئامىلە قىلىش زۆرۈر بولۇپ قالىدۇ. بۇ نەسىھەتتە ھېكمەتلىك بولۇش، ئەھۋالغا قارىتا ئىش تۇتۇش دېگەنلىكتۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاچچىقلىنىپ

قالسا، ئاچچىقى پەقەت دىنىي مەسىلىلەردىلا بولاتتى، ئۇ ھەرگىز ئۆزى ئۈچۈن ئاچچىقلىنىپ يۈرمەيتتى. ئۇ ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىدىن بىرەرسى دەپسەندە قىلىنغاندا ئاندىن ئاچچىقلىناتتى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كۈنى بىر يەھۇدىي بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدى. يەھۇدىي ئۇنىڭغا تەۋراتتىكى بىر سۆزنى ئېيتىۋىدى، ئۇ گەپ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يېقىپ قالىدى. ئاندىن، ئۇ يەھۇدىيدىن شۇ سۆزنى ئۆزىگە يېزىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدى. ئاندىن، ئۇ تەۋراتتىكى ئاشۇ سۆز يېزىلغان ۋاراقنى كۆتۈرگىنىچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ۋاراقچىدىكى سۆزنى ئۇنىڭغا ئوقۇپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزلەرنىڭ ئۆمەرگە يېقىپ قالغانلىقىنى، ئەگەر يول قويۇلسا، ئىلگىرىكى دىنلاردىكى كۆرسەتمىلەرنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى كۆرسەتمىلەر بىلەن ئارىلىشىپ كېتىشى ۋە بۇنىڭ ئىنسانلارنى گاڭگىرىتىپ قويۇشى مۇمكىنلىكىنى ھېس قىلدى. دېمىسىمۇ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ بۇنى يازسا قانداق بولىدۇ؟

شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئى خەتتابنىڭ ئوغلى! مەن ئېلىپ كەلگەن شەرىئەتتىن شۈبھىلىنىۋاتامسەن؟ جېنىم قولىدا بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرگە شەرىئەتنى ئاپئاق ۋە پاكپاكىز ھالەتتە ئېلىپ كەلدىم. ئۇلاردىن (يەنى ئەھلى كىتابتىن، دىنغا ئالاقىدار) بىرەر نەرسە سورىماڭلار. چۈنكى، ئۇلار سىلەرگە توغرىسىنى ئېيتىپ بەرسە، سىلەر (بىلمەستىن) ئۇنى ئىنكار قىلىپ قويۇشۇڭلار مۇمكىن. ئەگەر سىلەرگە باتىل بىر نەرسىنى ئېيتىپ بەرسە، سىلەر (بىلمەستىن) ئۇنى تەستىقلاپ قويۇشۇڭلار مۇمكىن. جېنىم قولىدا بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر مۇسا ھايات بولغان بولسا، چوقۇم ماڭا ئەگەشكەن بولاتتى.» (ئىمام ئەھمەد ۋە ئىمام ئەبۇ يەئلا توپلىغان)

شۇنداق، بىز «مۇلايىملىق، مۇلايىملىق» دەيمىز. ئەمما، گاھىدا غەزەپ ۋە قاتتىقلىقمۇ زۆرۈر بولۇپ قالىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاچچىقلانغان ۋە قاتتىق مۇئامىلە قىلغان ئىشلاردىن بىرى تۆۋەندىكىچە:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلىكىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، قۇرەيش توپلانغان جايغا، كەبىگە كېلىپ ناماز ئوقۇيتتى ۋە ئۇلارغا قاراپمۇ قويمايتتى.

ئۇلار ئۇنىڭغا ھەر خىل شەكىلدە ئەزىيەت يەتكۈزەتتى ۋە ئۇ بۇنىڭغا سەۋر قىلاتتى. بىر كۈنى، قۇرەيشنىڭ چوڭلىرى ھىجىردا توپلاندى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مۇنداق دېيىشتى:

- بىز ھېچبىر ئىشقا بۇ ئادەمنىڭ ئىشىغا سەۋر قىلغانچىلىك سەۋر قىلغان ئەمەسمىز.
- ئۇ بىزنىڭ ئەقلىمىزنى ئەقىلسىزلىك دەپ قارىدى.
- ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزغا تىل ئۇزاتتى.
- دىنىمىزنى سۆكتى.
- ئىلاھلىرىمىزنى ھاقارەتلىدى، لېكىن بىز ئۇ قىلغان مۇشۇنچە ئېغىر ئىشلارغا سەۋر قىلدۇق.

ئۇلار شۇ ھالەتتە تۇرغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام چىقىپ كەلدى ۋە ھەجەرۇل ئەسۋەدنى سۆيدى. ئاندىن كەبىنى تاۋاپ قىلغاچ ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، قۇرەيشنىڭ چوڭلىرى ئۇنىڭغا ئىگىز ـ پەس گەپ قىلىشۇدى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى ـ يۇ، يەنىلا ئۇلارغا ئارتۇق گەپ قىلماي، تاۋاپنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ ئىككىنچى قېتىم ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، ئۇلار يەنە ئۇنىڭغا ئىگىز ـ پەس گەپ قىلىشۇدى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ چىرايى يەنە ئۆڭۈپ كەتتى. لېكىن، يەنىلا ئۇلارغا بىرەر نەرسە دېمەي، تاۋاپنى داۋاملاشتۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۈچىنچى قېتىم ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئۇلار يەنە ئىگىز ـ پەس گەپ قىلىشۇدى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بۇنداق نىمىلەرگە مۇلايىملىق قىلىشنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى ـ دە، ئۇلارغا: «ئى قۇرەيش! ئاڭلاۋاتامسىلەر؟ جېنىم قولىدا بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرگە ھالاكەت خەۋىرىڭلارنى ئېلىپ كەلدىم» دېدى.

ئاندىن جەسۇر قوماندانىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇلارنىڭ ئالدىدا مەغرۇرانە تۇرۇۋەردى. قۇرەيشنىڭ چوڭلىرى بۇ تەھدىتنى، يەنى ئۆزلىرىنىڭ ھالاك بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ساراسىمىگە چۈشتى. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ھەق سۆزلۈك، دۇرۇس ۋە ئىشەنچلىك كىشى ئىدى. ئۇلار گويا بېشىغا قۇش قونۇۋالغان ۋە شۇ قۇشنى ئۈركۈتۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن قىمىرلىماي تۇرغان كىشىدەك جىمجىت تۇرۇپ قېلىشتى.

ھەتتا، ئۇنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنىمۇ پوزىتسىيەنى يۇمشىتىپ، ئۇنىڭغا: «ئى ئەبۇلقاسىم! يولۇڭغا مېڭىۋەرگىن، سەن نادانلاردىن ئەمەسسەن» دېيىشكە باشلىدى.

شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئايرىلدى.

شۇنداق، «كەڭ قورساقلىق» تەشەببۇس قىلىنىسىمۇ، ئەمما كەڭ قورساقلىقنىڭمۇ ئورنى بولىدۇ. چۈنكى، جايىنى تاپمىغان كەڭ قورساقلىق نادانلىقتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ھاياتى ھەققىدە ئىزدەنگەنلەر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ھەر ۋاقىت مۇلايىملىقنىڭ كۆپ بولغانلىقىنى بايقايدۇ.

ئەمما، سەمىڭلاردا بولغايكى، بۇ زەئىپلىك ۋە قورقۇنچاقلىق ئەمەس، پەقەتلا مۇلايىملىقتۇر.

مۇلايىملىق خۇسۇسىدىكى مىساللاردىن يەنە بىرى تۆۋەندىكىچە:

بەدىر غازىتىدىن بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ قىزى زەينەپنىڭ ئېرى ئەبۇلئاس ئائىلىنى مەدىنىگە، يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ يېنىغا ئەۋەتمەكچى بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام زەيد ئىبنى ھارىس بىلەن ئەنسارلاردىن بىرەيلەننى مەككىگە بېرىپ، مەككىدىن مەدىنىگە ماڭىدىغان يولدا، مەككىگە يېقىن بىر جايدا ساقلاپ تۇرۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: «زەينەپ يېنىڭلارغا

كەلگەنگە قەدەر يەئجەج ۋادىسىدا تۇرۇپ تۇرۇڭلار. زەينەپ شۇ يەردە سىلەر بىلەن ئۇچرىشىدۇ. سىلەر ئۇنى يېنىمغا ئەكېلىڭلار» دېدى.

ئۇلار يولغا چىقتى.

ئەبۇلئاس ئايالىنى تەييارلىنىشقا بۇيرۇۋىدى، ئۇ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى غەملەشكە باشلىدى. زەينەپ تەييارلىق قىلىۋاتقاندا، ئەبۇ سۇفياننىڭ ئايالى ھىندى بىنتى ئۇتبە بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى ـ دە، ھىندى ئۇنىڭغا: «ئى مۇھەممەدنىڭ قىزى! داداڭنىڭ قېشىغا كەتمەكچى بولغانلىقىڭنى بىلمەمدىمەن؟» دېدى. زەينەپ ھىندىنىڭ ئۆزىگە توزاق قۇرۇشىدىن ئەنسىرەپ: «مېنىڭ ئۇنداق نىيىتىم يوق» دېدى.

ھىندى: «ئى تاغامنىڭ قىزى! قورقما! سەپەردە يېنىڭغا ئېلىۋېلىشىڭ زۆرۈر بولغان نەرسە ـ كېرەكلەر ۋە داداڭغا ئېلىپ بارىدىغان ماللارغا ئېھتىياجىڭ بولسا، ئۇلار مەندە بار. مەندىن خىجىل بولۇپ يۈرمە. چۈنكى، ئەرلەرنىڭ جېدەلى ئاياللار بىلەن ئالاقىسىزدۇر» دېدى.

زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ خۇسۇستا مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى راستلا قىلىش نىيىتى بارلىقىنى بىلگەن بولساممۇ، ئەمما قورققانلىقىمدىن نىيىتىمنى يوشۇردۇم.»

زەينەپ تەييار بولغاندىن كېيىن، ئېرى قۇرەيشنىڭ ئۇنىڭ يولغا چىققانلىقىنى بىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى ئۆزى بىۋاستە مەككىنىڭ سىرتىغا ئەچىقىپ قويۇشنى توغرا تاپماي، بۇ ئىشقا ئۆز قېرىندىشى كىنانەنى بۇيرۇۋىدى. كىنانە ئىبنى رەبىي بىر تۆگە ئەكەلدى ۋە زەينەپ تۆگىگە مىندى. كىنانە ئوقياسىنى ۋە ئوقدانىنى ئالدى. زەينەپ كۈپكۈندۈزدە كاجىۋىدا ئولتۇرۇپ، تۆگىنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتقىنىچە يولغا چىقتى. كىشىلەر ئۇنى كۆردى ۋە قۇرەيشتىن بەزىلىرى بۇ ھەقتە: «مۇھەممەد بەدرىدە بىزگە شۇنچە ئەلەم سالغان تۇرۇقلۇق، ئەمدى ئۇنىڭ قىزى قانداقسىغا بۇ يەردىن (بىمالال) چىقىپ كېتەلەيدۇ؟» دېيىشكىنىچە، ئۇنىڭ پېيىغا چۈشۈپ، زىتۇۋا دېگەن يەردە ئۇنىڭغا يېتىشتى. ئۇنىڭغا بىرىنچى بولۇپ يېتىشكىنى خەببار ئىبنى ئەسۋەد ئىدى. خەببار كاجىۋىدا ئولتۇرغان زەينەپنى نەيزە بىلەن قورقۇتتى.

ئېيتىلىشىچە، ئۇ چاغدا زەينەپ ھامىلدار ئىدى. قورقۇنچ سەۋەبلىك بالىسى بويىدىن ئاجراپ كەتتى.

يانلىرىدا قورال ـ ياراغلىرى بار كاپىرلار ئۇنىڭغا يوپۇرۇلۇپ كېلىشتى. زەينەپنىڭ يېنىدا پەقەتلا قېيىنئىنىسى كىنانە بار ئىدى.

كىنانە بۇنى كۆرۈپ، ئوقدانىنى ئاچتى ۋە: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھېچكىم ماڭا يېقىنلاشمىسۇن! بولمىسا بىر ئوق بىلەن جېنىدىن جۇدا قىلىمەن» دېدى. ئۇ ماھىر ئوقياچى ئىدى.

كەلگەنلەر چېكىنىپ، ئۇنىڭغا يىراقتىن قاراپ تۇرۇشتى. كىنانە يولغا ماڭالمايتتى، ئۇلارمۇ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى.

ئاخىرىدا، ئەبۇ سۇفيان زەينەپنىڭ دادىسىنىڭ يېنىغا ماڭغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، قۇرەيشنىڭ چوڭلىرىدىن بەزىلىرىنى باشلاپ يېتىپ كەلدى. كىنانەنىڭ ئوقىنى بەتلەپ تۇرغانلىقىنى ۋە كىشىلەرنىڭ

ئۇرۇشقا تەييار تۇرغانلىقنى كۆرۈپ: «سەن بىزگە ئوق ئېتىشتىن ۋاز كەچ! سەن بىلەن سۆزلىشىمىز» دەپ توۋلىدى. كىنانە ئوق ئېتىشتىن ۋاز كەچتى.

ئەبۇ سۇفيان كىنانەنىڭ يېنىغا كېلىپ: «سەن بۇ ئايالنى كىشىلەرنىڭ كۆزىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئېلىپ مېڭىپ توغرا ئىش قىلمىدىڭ! ھالبۇكى، سەن بەدىردىكى مۇسىبىتىمىزنى، مۇھەممەدنىڭ بىزگە سالغان دەرت ـ ئەلەملىرىنى بىلىسەن. ئۇ بىزنىڭ كاتتىلىرىمىزنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئاياللىرىنى تۇل قىلىپ قويدى. خەلق ئۇنىڭ قىزىنى كۆپكۆندۈزدە كىشىلەرنىڭ كۆزىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئىچىمىزدىن ئېلىپ ماڭغىنىڭنى كۆرسە، قەبىلىلەر بۇنى ئاڭلىسا، بۇنى بىز (بەدىردە) دۇچ كەلگەن مەغلۇبىيەتتىن مەنبەلەنگەن خارلىقنىڭ ئىپادىسى، ئاجىزلىقىمىزنىڭ ۋە كۈچسىزلىكىمىزنىڭ نەتىجىسى، دەپ قارىشىدۇ. قەسەم قىلىمەنكى، زەينەپنىڭ دادىسىنىڭ قېشىغا ئەۋەتىلمەي يېنىمىزدا تۇتۇپ تۇرۇلۇشىغا ئېھتىياجىمىز يوق. زەينەپتىن ئۆچ ئېلىش ئويىمىزمۇ يوق. لېكىن، سەن بۇ ئايالنى ھازىر مەككىگە قايتۇرۇپ كەت. كىشىلەر ئارىسىدا بىزنىڭ ئۇنى قايتۇرۇپ كەتكەنلىكىمىز توغرىسىدا پاراڭلار بولۇنۇشقا باشلىغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇنى يوشۇرۇنچە مەككىدىن ئەچىقىپ، دادىسىنىڭ يېنىغا يەتكۈزۈپ قوي» دېدى.

كىنانە ئەبۇ سۇفياننىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىپ، زەينەپنى مەككىگە قايتۇرۇپ ئەكەتتى. بىر قانچە كۈن مەككىدە تۇرغاندىن كېيىن، بىر كېچىسى ئۇنى مەككىدىن ئېلىپ چىقتى ۋە زەيد ئىبنى ھارىس بىلەن يەنە بىر ئەنسارغا تاپشۇردى. ئاندىن ئۇلار زەينەپنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئەكەلدى.

ئويلاپ بېقىڭ! بۇ يەردە ئەبۇ سۇفيان قانچىلىك مۇلايىملىق قىلدى؟ كىنانەنىڭ ئاچچىقىنى قانداق بېسىقتۇردى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزىنىڭ جېنىغا زامىن بولۇشى مۇمكىن بولغان بىر توقۇنۇشنىڭ ئالدىنى قانداق ئالدى؟

بىر ھەدىس:

«ھەر قانداق ئىشتا مۇلايىملىق تېپىلسا، بۇ چوقۇم ئۇ ئىشنى گۈزەللەشتۈرىدۇ. ھەر قانداق بىر ئىشتا مۇلايىملىق تېپىلمىسا، بۇ ئۇنى نۇقسانلىق قىلىپ قويىدۇ.» (سەھىھۇل مۇسلىم)

مەنبە:

دوكتور مۇھەممەد ئارىفىنىڭ «ھاياتىنىڭ پەيزىنى سۈرۈڭ» دېگەن ئەسىرىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى

# ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا

# مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە - ھادىسىلەر



(2023 -يىلى 8– ئاينىڭ 1 – كۈنىدىن 8 – ئاينىڭ 27 - كۈنىگىچە)

# ئايلىق خەۋەر

(2023 ـ يىلى، ئاۋغۇست)

### ئامېرىكا يەنە ئىككى خىتاي شىركىتىگە ئىمپورت چەكلىمىسى قويدى

«thehill» تورىنىڭ 1 ـ ئاۋغۇستتىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكا يەنە خىتايدىكى ئىككى شىركەتنى ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگىكىگە چېتىشلىق ئىكەنلىكى سەۋەبلىك ئىمپورت چەكلىمىسى تىزىملىكىگە كىرگۈزگەن بولۇپ، ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى شۇ كۈنى ماشىنا باتارېيەسى ئىشلەپچىقىرىدىغان «تۆگە گۇرۇھى پاي چەكلىك شىركىتى» (骆驼集团股份有限公司) بىلەن تەم خۇرۇچ ئىشلەپچىقىرىدىغان «چېنگۇاڭ بىيوتېخنىكا شىركىتى»دىن (晨光生物) ئىبارەت ئىككى خىتاي شىركىتىنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەكتىن پايدىلانغانلىقى ئۈچۈن ئامېرىكاغا مەھسۇلات ئېكسپورت قىلالمايدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان.

ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، بۇ ھەرىكەت مەزكۇر مىنىستىرلىقنىڭ خىتاينى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا قاراتقان «داۋاملىشىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقى ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايىتى» سەۋەبىدىن جاۋابكارلىققا تارتىشقا ئۇرۇنۇشىنىڭ بىر قىسمى ئىكەن.

ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى ئالېژاندرو مايوركاس باياناتىدا مۇنداق دېگەن: «بۈگۈنكى ئىجرائات ھەرىكىتى بايدىن ـ ھارىس ھۆكۈمىتىنىڭ تەشكىلاتلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى ۋە مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىش جەھەتتىكى مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈش ئىرادىسىنى نامايان قىلدى. بىز بارلىق شېرىكلىرىمىز بىلەن داۋاملىق ھەمكارلىشىپ، شەرقىي تۈركىستاندا مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن ئىشلەپچىقىرىلغان تاۋارلارنىڭ ئامېرىكا بازىرىغا كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قانۇنلۇق سودىنى ئېخىمۇ راۋانلاشتۇرىمىز.»

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى 2021 ـ يىلى ماقۇللىغان «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى»غا ئاساسەن، ھازىرغىچە خىتايدىكى 24 شىركەتكە مەجبۇرىي ئەمگەك سەۋەبلىك جازا يۈرگۈزگەن.

## خىتاي بىلەن ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى شەرقىي تۈركىستاندا بىرلەشمە ھاۋا مانېۋىرى ئۆتكۈزمەكچى

«theprint» تورىنىڭ 1 ـ ئاۋغۇستتىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي بىلەن ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى تۇنجى قېتىم شەرقىي تۈركىستاندا بىرلەشمە ھاۋا مانېۋىرى ئۆتكۈزمەكچى ئىكەن.

«شۇڭقار قالقىنى» (Falcon Shield) دەپ ئىسىم قويۇلغان بۇ بىرلەشمە مانېۋىر مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئېلىپ بېرىلىدىكەن.

بۇ ھەقتە، خىتاي دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتىدا مۇنداق دېيىلگەن: «بۇ خىتاي بىلەن ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى ئوتتۇرىسىدىكى تۇنجى بىرلەشمە ھاۋا ئارمىيەسى مەشقى بولۇپ، بۇ ئىككى ئارمىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئەمەلىي ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ھەمدە ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە ئىشەنچنى ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلغان.»

قىزىقارلىق يېرى، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى خىتاينىڭ كۆشەندىسى بولمىش ئامېرىكانىڭ مۇھىم ئىتتىپاقدىشى بولۇپ، ئۇ ئامېرىكانىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى قوشۇنلىرى، ئايروپىلانلىرى ۋە دېڭىز پاراخوتلىرىنى مۇھىم قوللاش بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدىكى ئەبۇزەبى شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى ئەلزەفرا ھاۋا ئارمىيە بازىسىدا 5000 ئامېرىكا ئەسكىرى بار.

بۇلتۇر 12 ـ ئايدا، خىتاي پرېزىدېنتى شى جىنپىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك «خىتاي ـ ئەرەب ئەللىرى باشلىقلار يىغىنى»دا نۇتۇق سۆزلىگەن بولۇپ، ئۇ يىغىنغا ئەرەب ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا 21 دۆلەت قاتناشقان، يىغىن ئىشتىراكچىلىرى ئىككى دۆلەت ئارمىيەسى ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشتە ئورتاق پىكىر ھاسىل قىلغاندى.

خىتاي بىلەن ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ ھەربىي مۇناسىۋىتى بىر مەزگىلدىن بۇيان ئىزچىل كۈچىيىپ كەلمەكتە. ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى خىتاي ياسىغان يىلوڭ 1 ۋە يىلوڭ 2 تىپلىق ئادەمسىز ئۇچقۇ قاتارلىق قوراللارنى ئىشلىتىۋاتىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ زۇۋانى بولمىش «يەرشارى ۋاقىت گېزىتى»نىڭ بىلدۈرۈشىچە، 2023 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، خىتاي ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى بىلەن L15 تىپلىق ئىلغار مەشىق ئايروپىلانىنى ئېكسپورت قىلىش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلغانلىقىنى ئېلان قىلغان.

## بېيجىڭدىكى قاتتىق كەلكۈندە ئۆلگەنلەر داۋاملىق كۆپەيمەكتە

«قوغدىغۇچى گېزىتى» تورىنىڭ 2 ـ ئاۋغۇستتىكى خەۋىرىگە كۆرە، بېيجىڭدا 140 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ قاتتىق يامغۇر ياغقانلىقى سەۋەبلىك، ئېغىر كەلكۈن يۈز بېرىپ، ئوت ئۆچۈرگۈچىلەر «قەھرىمانلارچە قۇربان بولماقتا» ئىكەن.

ختاي ھۆكۈمىتى كەلكۈن سۈيىدە قاپسىلىپ قالغان كىشىلەرنى قۇتقۇلدۇرۇش جەريانىدا ئۆلگەن پىلىڭ جېن ئىسىملىك ئوت ئۆچۈرگۈچىگە «ئىنقىلابىي قۇربان» دەپ نام بەرگەن.

بېيجىڭنىڭ خەيدىيەن رايونىدىكى ئوت ئۆچۈرگۈچى پىلىڭ جېن 31 ـ ئىيۇل مەكتەپ بىناسىغا قاپسىلىپ قالغان ئۈچ ئادەمنى قۇتقۇلدۇرماقچى بولغاندا كەلكۈن سۈيىدە ئېقىپ كەتكەن. ختاي دۆلەت تاراتقۇلىرىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، مەكتەپ بىناسىدىكى كىشىلەر بىخەتەر قۇتۇلغان بولسىمۇ، ئەمما پىلىڭ جېن قۇتقۇزۇش ئۇنۇم بەرمەي ئۆلۈپ كەتكەن.

ئىگىلىنىشىچە، پىلىڭ جېن بېيجىڭدا ياغقان 140 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ قاتتىق يامغۇردا قازا قىلغان يىگىرمە كىشىنىڭ بىرى ئىكەن.

بۇ قېتىملىق يامغۇردا بۇ قەدەر ئېغىر تالاپەت كۆرۈلىشىدە، يامغۇرنىڭ ھەقىقەتەن ئىنتايىن قاتتىق ياغقانلىقىدىن سىرت، بېيجىڭ شەھرىدىكى ئەۋرەز يولى سىستېمىسىنىڭ زىيادە قالاقلىقىمۇ مۇھىم سەۋەب بولۇپ، ختاي دائىرىلىرى ئۆز تەرەققىياتىنى پەش قىلىش ئۈچۈن يەر ئۈستىدە ئاسمان ـ پەلەك بىنالارنى سېلىشقا كۈچەپ، يەر ئاستىدىكى ئەۋرەز يولى سىستېمىسىغا كۈچ سەرپ قىلمىغانلىقى سەۋەبلىك تەنقىدلەنمەكتە.

## ختاينىڭ شەرقىي رايونلىرىدا يەر تەۋرىدى

«CNN» تورىنىڭ 6 ـ ئاۋغۇستتىكى خەۋىرىگە كۆرە، شۇ كۈنى سەھەردە ختاينىڭ شەرقىدىكى شەندوڭ ئۆلكىسىنىڭ پىڭيۈەن ناھىيەسىدە 5.5 بال يەر تەۋرەپ، 21 ئادەم يارىلانغان.

«ختاي يەر تەۋرەش سۈپىسى تورى»نىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، يەر تەۋرەش شۇ يەر ۋاقتى سەھەر سائەت 2 دىن 33 مىنۇت ئۆتكەندە، 10 كىلومېتىر چوڭقۇرلۇقتا يۈز بەرگەن.

مەسئۇل خادىملارنىڭ بىلدۈرۈشىچە، يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەنگىچە، دېجوۋ شەھرى بىلەن لياۋچېڭ شەھرىدە 21 ئادەم يارىلانغان.

«ختاي مەركىزى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى» يەر تەۋرەشتە 126 ئۆينىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشكەنلىكىنى خەۋەر قىلغان.

بېيجىڭ شەھەرلىك يەر تەۋرەش ئىدارىسىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، يەر تەۋرەش مەركىزىدىن 300 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ختاي پايتەختى بېيجىڭ شەھرىدىمۇ شۇ كېچىدە يېنىك دەرىجىدە يەر تەۋرىگەن.

بېيجىڭ تۆمۈر يولى ئىدارىسى شۇ كۈنى 60 نەچچە پويىز سەپىرىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلغان.

## ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ خىتايدىن مال ئىمپورت قىلىش مىقدارى تۆۋەنلىدى

«ۋاشىڭتون پوچتا گېزىتى» تورىنىڭ 6 ـ ئاۋغۇستتىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكا ـ خىتاي ئارىسىدىكى جىددىيلىكنىڭ داۋاملىشىشىغا ئەگىشىپ، ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ خىتايدىن مال سېتىۋېلىشى ئازايغان.

گەرچە ئامېرىكا ۋە خىتاي ئەمەلدارلىرى ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى جىددىيلىكنى پەسەيتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقان بولسىمۇ، ئامېرىكا شىركەتلىرى خىتايدىكى تەمىنلىگۈچىلەرگە تايىنىش سالمىقىنى تۆۋەنلىتىشكە ئۇرۇنماقتا ئىكەن.

«ئامېرىكا تەكشۈرۈش ئىدارىسى»نىڭ (Census Bureau) سانلىق مەلۇماتىغا كۆرە، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى بەش ئېيىدا، ئامېرىكا خىتايدىن ئىمپورت قىلغان مەھسۇلاتلارنىڭ مىقدارى بۇلتۇرنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 24 پىرسەنت تۆۋەنلىگەن. HP، Stanley Black & Decker ۋە Lego غا ئوخشاش بەزى شىركەتلەر ئامېرىكا ئىستېمالچىلىرىنى تەمىنلەش لىنىيەسىنى قايتىدىن شەكىللەندۈرۈۋاتقان بولۇپ، بۇ ھەم ئامېرىكا ـ خىتاي ئارىسىدىكى سۈركىلىشنىڭ خەتىرىدىن ساقلىنىشنى، ھەم مەھسۇلاتلارنى ئىستېمالچىلارغا تېخىمۇ يېقىن جايدا ئىشلەپچىقىرىشنى مەقسەت قىلغان ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىستراتېگىيەنىڭ بىر قىسمى ئىكەن.

نۆۋەتتە، خىتاينىڭ يەرشارىنىڭ ياسىمچىلىق مەركىزىلىك ئورنى يىگىرمە نەچچە يىل ئىلگىرى دۇنيا سودا سىستېمىسىغا كىرگەندىن بۇيانقى ئەڭ ئېغىر خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتقان بولۇپ، مېكسىكا، ۋېيتنام ۋە تايلاند گەرچە خىتايىنىڭكىدەك كۆلەم ۋە دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئۇل مۇئەسسەسەلەرگە ئىگە بولمىسىمۇ، يەنىلا خىتاينىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى تەۋرەتمەكتە ئىكەن.

لوندون ئوكسفورد ئىقتىسادشۇناسلىق تەتقىقات يۇرتىنىڭ باش ئىقتىسادشۇناسى ئادام سلېيتېر بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئامېرىكا ـ خىتاي ھۆكۈمەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تېخىمۇ قاتتىق دۈشمەنلىشىش، قارشىلىشىش تۇتۇمى خۇسۇسىي گەۋدىلەرنىڭ قارار چىقىرىشىغا تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى، چۈنكى بۇ خىل سۈركىلىشلەر خەۋپ مۆلچەرىنى ئۆزگەرتىۋەتتى.»

## خىتاي 2024 ـ يىلى تەيۋەنگە ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن

«cnbc» تورىنىڭ 9 ـ ئاۋغۇستتىكى ماقالىسىگە كۆرە، خىتايغا قارشى قاتتىق قوللارنىڭ ۋەكىللىك شەخسلىرىدىن كەيل باسنىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئۇ خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ 2024 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا تەيۋەنگە تاجاۋۇز قىلىشى مۇمكىنلىكىگە ئىشىنىدىكەن.

ئامېرىكادىكى «Hayman Capital Management» مەبلەغ سېلىش شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە باش مەبلەغ سېلىش ئەمەلدارى بولغان كەيل باس مۇنداق دېگەن: «غەرب ئەللىرى ـــ بولۇپمۇ

ۋال كوچىسى ــــ بۇ خىل ھۆجۇمنىڭ ئىقتىسادىي بەدىلىنىڭ يۇقىرىلىقىنىلا ئويلاپ قېلىۋاتىدۇ. ئەمما، رۇسىيە پرېزىدېنتى ۋىلادىمىر پۇتىنغا ئوخشاش، شى جىنپىڭنىڭ ئويلايدىغىنى نوقۇل ئىقتىسادىي ئاقىۋەتلا ئەمەس. سىلەر شى جىنپىڭنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بېقىڭلار، مەن ئۇنىڭ كېلەر يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە تەيۋەننى قورال كۈچى بىلەن قولغا كىرگۈزۈشكە ئۇرۇنىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ۋال كوچىسىدىكىلەر <ختاي ھەرگىز ئۇنى قىلمايدۇ، چۈنكى بۇنىڭ ئىقتىسادىي زىيىنى بەك ئېغىر> دەپ ئويلايدۇ. بىز بۇنداق تەپەككۇر ئۇسۇلىدىن ۋاز كېچىپ، شى جىنپىڭنىڭ سۆزلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ بېقىشىمىز كېرەك.»

## ختاينىڭ «بۇلۇتسىمان شەھەر» تەشەببۇسى كارغا كەلمىدى

«رويتېرس ئاگېنتلىقى» تورىنىڭ 10 ـ ئاۋغۇستتىكى خەۋىرىگە كۆرە، يېقىنقى بىر نەچچە ھەپتە ئىچىدە ختاينىڭ نۇرغۇن شەھەرلىرىنى سۇ بېسىپ، نۇرغۇنلىغان ئادەملەر ئۆلگەن ۋە ئۇل مۇئەسسەسەلەر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغاچقا، 2015 ـ يىلى ئوتتۇرىغا قويۇلغان شەھەرلەردىكى كەلكۈن خەۋپىنى ئازايتىشنى مەقسەت قىلغان « بۇلۇتسىمان شەھەر» تەشەببۇسىنىڭ ئۈنۈمى ھەققىدە سوئاللار ئوتتۇرىغا چىققان.

ئېگىلىنىشىچە، مەزكۇر تەشەببۇس ئاساسلىق شەھەرلەرنىڭ كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش ھەمدە بىناكارلىق، قۇرۇلۇش ۋە ئۇل مۇئەسسەسەلەرنى تەڭشەش ئارقىلىق يامغۇر سۈيىدىن تېخىمۇ ياخشى پايدىلىنىش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان ئىكەن.

ئەمما، بۇ تەشەببۇس ئاساسەن كارغا كەلمىگەن بولۇپ، ختاي شەھەرلىرى ھېلىھەم قاتتىق يامغۇرلاردا بەكلا ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىماقتا ئىكەن. ختاي جىددىي ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ 7 ـ ئاۋغۇت بىلدۈرۈشىچە، پەقەت بۇ يىل 7 ـ ئايدىلا كەلكۈن ۋە مۇناسىۋەتلىك گېئولوگىيەلىك ئاپەتلەردە 142 ئادەم ئۆلگەن ۋە غايىب بولغان، 2300 ئۆي ۋەيران بولغان ھەمدە 15 مىليارد 780 مىليون يۈەن (2 مىليارد 190 مىليون دوللار) بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان كېلىپ چىققان.

2018 ـ يىلدىكى سانلىق مەلۇماتقا قارىغاندا، ختايدىكى 654 چوڭ ۋە ئوتتۇراھال شەھەرنىڭ 641 ىدە كەلكۈن خەۋپى مەۋجۇت بولۇپ، ھەر يىلى 180 شەھەر كەلكۈن خەۋپىگە دۇچ كەلگەن.

## ئامېرىكا ختاينىڭ تېخنىكا ساھەلىرىگە مەبلەغ سېلىشقا چەك قويدى، ئەنگلىيە بۇنىڭغا قانداق ئىنكاس قايتۇرۇشنى ئويلاشماقتا

«رويتېرس ئاگېنتلىقى» تورىنىڭ 10 ـ ئاۋغۇستتىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئەنگلىيە شۇ كۈنى ئامېرىكا پرېزىدېنتى جوۋ بايدېننىڭ ختايغا سېلىنىدىغان بەزى تېخنىكا مەبلەغلىرىنى چەكلەش قارارىغا قانداق

ئىنكاس قايتۇرۇشنى ئويلىشىۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكى خەۋپىگە داۋاملىق باھا بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

بايدىن 9 - ئاۋغۇست مەمۇرىي بۇيرۇق ئىمزالاپ، ئامېرىكا مالىيە مىنىستىرىنىڭ يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ۋە مىكرو ئېلېكترون، كىۋانت ئۇچۇر تېخنىكىسى ۋە بىر قىسىم سۈنئىي ئىدراك سىستېمىسىدىن ئىبارەت ئۈچ ساھەدە ئامېرىكانىڭ خىتاي شىركەتلىرىگە مەبلەغ سېلىشنى تامامەن چەكلىشىگە ياكى چەك قويۇشىغا ھوقۇق بەرگەن. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بۇ تەدبىرلەرنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىك خەۋپىنى تۆگىتىشنى مەقسەت قىلغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

رىشى سۇناك ھۆكۈمىتىنىڭ باياناتچىسى بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: (جوۋ بايدىن ئىمزالىغان) مەزكۇر مەمۇرىي بۇيرۇق ئامېرىكانىڭ تۇتۇمىنى روشەن نامايەن قىلدى: «ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بەزى مەبلەغ سېلىش قىلمىشلىرى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان دۆلەت بىخەتەرلىكى خەۋپىنى داۋاملىق باھالاش بىلەن بىرگە، بۇ يېڭى تەدبىرلەر ھەققىدە ئەستايىدىل ئويلىنىدۇ.»

يېقىنقى مەزگىللەردە خوڭكوڭدىكى بىخەتەرلىك بەلگىلىمىلىرى ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا قارىتىلغان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى قاتارلىق مەسىلىلەر سەۋەبىدىن ئەنگلىيە - خىتاي مۇناسىۋىتىدە بىر مەزگىل داۋالغۇش كۆرۈلگەن بولسىمۇ، ئەنگلىيە خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى مۇقىملاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كەلمەكتە.

بۇ ھەقتە، ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى جېيمس كلېۋېرلى 4 - ئايدا ئەنگلىيەنىڭ يېڭى تۇتۇمىنى بايان قىلىپ، «ئەنگلىيە سودا، مەبلەغ سېلىش ۋە كلىمات ئۆزگىرىشى قاتارلىق ساھەلەردە خىتاي بىلەن ھەمكارلىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىتاي شەكىللەندۈرگەن دۆلەت بىخەتەرلىكى تەھدىتىنى چەكلەش ئارقىلىق ئۆزىنى قوغدايدۇ» دېگەنىدى.

سۇناك بىلەن بايدىن 6 - ئايدا ئۆزلىرىنىڭ تارىخى بىخەتەرلىك ئىتتىپاقداشلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن يېڭى كېلىشىم ئىمزالاپ، ئىلغار تېخنىكا، پاكىز ئېنېرگىيە ۋە ھالقىلىق كان مەھسۇلاتلىرى قاتارلىق ساھەلەردىكى ئىقتىسادىي ئالاقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ھەققىدە ۋەدىلەشكەنىدى.

رەسمىي سانلىق مەلۇماتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي ئەنگلىيەنىڭ چەتئەل مەبلىغىنىڭ مۇھىم مەنزىلى ئەمەس بولۇپ، 2021 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئەنگلىيەنىڭ خىتايغا سېلىنغان مەبلىغى 10 مىليارد 700 مىليون فوندستېرلىڭ (13 مىليارد 600 مىليون دوللار) بولۇپ، ئامېرىكاغا سېلىنغان مەبلىغى 461 مىليارد 400 مىليون فوندستېرلىڭ بولغان. ئەنگلىيەنىڭ خوڭكوڭغا سالغان مەبلىغى بولسا 77 مىليارد 600 مىليون فوندستېرلىڭ بولغان.

## خىتاي ئىنژېنېرلىرى گۋادار پورتى ئەتراپىدا بالۇچىستان ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى

«ئامېرىكا بىرلەشمە ئاگېنتلىقى» تورىنىڭ 13 ـ ئاۋغۇستتىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي مەبلەغ سالغان پاكىستاننىڭ گۋادار پورتىدا ئىشلەۋاتقان خىتاي ئىنژېنېرلار ئەترىتى بالۇچىستان ئازادلىق ئارمىيەسى ئەسكەرلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان. خەۋەرلەرگە قارىغاندا، پاكىستان بىخەتەرلىك تارماقلىرى خىتاي ئىنژېنېرلىرىنى ئېلىپ ماڭغان ماشىنا ئەترىتىنىڭ ھۇجۇمغا ئۇچرىغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما پاكىستان ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بۇ ۋەقەنى تېخى دەلىللىمىگەن.

ئالاقىدار خەۋەرلەردە بۇ ھۇجۇمدا ئۆلۈش ـ يارىلىنىش ئەھۋالى بار ـ يوقلۇقى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلمىگەن.

بالۇچىستان ئازادلىق ئارمىيەسى بۇ ھەقتىكى باياناتىدا: «بالۇچىستان ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ مەجىد بىرىگادىسى بۈگۈن خىتاي گۋادارىدىكى ماشىنا ئەترىتىگە ھۇجۇم قىلدى. ھۇجۇم داۋاملاشماقتا» دېگەن.

بۇ بالۇچىستان قوراللىق كۈچلىرىنىڭ خىتايلارغا قاراتقان تۇنجى قېتىملىق ھۇجۇمى بولماستىن، بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ مەزكۇر تەشكىلات خىتايلارغا قارىتىلغان كۆپ قېتىملىق ھۇجۇملارنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى.

## خىتاي تەيۋەننىڭ مۇئاۋىن پرېزىدېنتىنىڭ ئامېرىكانى زىيارەت قىلغانلىقىغا ئېتىراز بىلدۈردى

«رويتېرس ئاگېنتلىقى» تورىنىڭ 13 ـ ئاۋغۇستتىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي شۇ كۈنى تەيۋەننىڭ مۇئاۋىن پرېزىدېنتى لەي چىڭدېنىڭ ئامېرىكاغا قىلغان زىيارىتىنى ئەيىبلەپ، ئۇنى بۆلگۈنچى ۋە «سېپى ئۆزىدىن بۇزغۇنچى» دەپ ئاتىغان ھەمدە خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ئۆز ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىدىغانلىقى ھەققىدە جار سالغان.

1 ـ ئايدىكى سايلامدا تەيۋەننىڭ كېيىنكى نۆۋەتلىك پرېزىدېنتى بولۇش ئېھتىماللىقى يۇقىرى بولغان لەي چىڭدې 12 ـ ئاۋغۇست كەچتە نيۇيوركقا يېتىپ كەلگەن بولۇپ، ھۆكۈمەت تەرەپ بۇنى «لەي چىڭدېنىڭ پاراگۋاي پرېزىدېنتىنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن يول ئۈستىدە ئامېرىكادىن ئۆتۈش» دەپ ئاتىغان.

لەي چىڭدې نيۇيوركقا كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، خىتاي دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى بايانات ئېلان قىلىپ، «تەيۋەن مۇستەقىللىق بۆلگۈنچىلىرى»نىڭ ھەرقانداق شەكىلدە ئامېرىكانى زىيارەت قىلىشىغا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

خىتاي دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى ئۆز باياناتىدا مۇنداق دېگەن: «لەي چىڭدې جاھىللىق بىلەن تەيۋەننىڭ مۇستەقىللىقىدا ۋە بۆلگۈنچىلىكتە چىڭ تۇرۇپ كەلدى، ئۇ سېپى ئۆزىدىن بۇزغۇنچىدۇر. تەيۋەن خىتاينىڭ يادرولۇق مەنپەئەتىنىڭ يادروسىدۇر. پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، تەيۋەن

بوغۇزىدىكى جىددىيلىكنىڭ كۆچىيىشىدىكى سەۋەب تەيۋەننىڭ ئامېرىكاغا تايىنىپ مۇستەقىللىق ئىزدەشكە ئۇرۇنۇشىدۇر. خىتاي ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا يېقىندىن دىققەت قىلىدۇ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك هوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداش ئۈچۈن قەتئىي ۋە كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىدۇ.»

خىتاينىڭ بۇ زىيارەتكە ئىنكاس سۈپىتىدە تەيۋەن ئارىلىغا يېقىن جايلاردا هەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزۈشى مۆلچەرلەنمەكتە.

## ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى ئوتتۇرا شەرق ئەللىرىنى خىتاينىڭ قوراللىرىنى سېتىۋالماسلىق خۇسۇسىدا ئاگاهلاندۇردى

«businessinsider» تورىنىڭ 16 - ئاۋغۇستتىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى ئوتتۇرا شەرق ئەللىرىنىڭ خىتايدىن قورال - ياراغ سېتىۋېلىشىنىڭ ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ بۇ رايوندىكى شېرىكلىرى بىلەن بىر گەۋدىلىشىش ئىقتىدارىغا زىيان يەتكۈزىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بىلدۈرۈشىچە، خىتاي ئوتتۇرا شەرق ئەللىرىگە بىۋاستە ئامېرىكا قوراللىرىنىڭ ئورنىنى ئالىدىغان قورال - ياراغلارنى ساتمايدىكەن. ئەمما، خىتاينىڭ قوراللىرىغا بولغان قىزىقىشىنىڭ كۈچىيىشى ئوتتۇرا شەرق ئەللىرىنىڭ ئۆزلىرىدىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن قورال - ياراغ سېتىۋېلىش مەنبەسىنى كۆپ خىللاشتۇرۇش ئارزۇسىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئامېرىكانىڭ بۇ رايون ھەققىدىكى ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغان - قىلمايدىغانلىقىغا بولغان ئەندىشىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

ئۆتكەن ئون يىلدا خىتاينىڭ ئوتتۇرا شەرق ئەللىرىگە قورال - ياراغ سېتىش مىقدارى سەكسەن پىرسەنت ئاشقان بولۇپ، بۇ خىتاينىڭ مەركىزىي رايون بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ كېڭەيگەنلىكىنىڭ ھەمدە خىتاينىڭ ئامېرىكاغا قارىغاندا تېخىمۇ تېز سۈرئەتتە، چەكلىمىدىن تېخىمۇ خالىي ھالدا قورال - ياراغ سېتىشنى خالايدىغانلىقىنىڭ مەھسۇلى ئىكەن.

ئامېرىكا مەركىزىي قوماندانلىق شتابىنىڭ باشلىقى گېنېرال مايكېل كۇرىلا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بۇ دۆلەتلەردە خىتاينىڭ ئەسلىھەلىرى بار بولسا، بىز بۇ نەرسىلەرنى ئامېرىكانىڭ ئۈسكۈنىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرەلمەيمىز. خىتاينىڭ قورال - ياراغ سېتىشىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، بىز خىتاي بۇ رايونغا تولۇق سىڭىپ كىرىشتىن بۇرۇن، بۇ يەردىكى شېرىكلىرىمىز بىلەن بىر گەۋدىلىشىشكە كۆچەيمىز.»

ئامېرىكانىڭ سابىق مۇئاۋىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى كولىن كار يېقىندا مۇنداق دېگەن: خىتاينىڭ ھەربىي قاتتىق دېتاللىرىنىڭ كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلىشى بايدىن ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ رايوندىكى شېرىكلىرى بىلەن مۇزاكىرە قىلىۋاتقان ھاۋا مۇداپىئە سىستېمىسى تورىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تەسىر يەتكۈزۈشى مۇمكىن.

## ئامېرىكا خىتايغا يادرو ئېنېرگىيەسى مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلىشقا بولغان چەكلىمىنى كۈچەيتتى

«رويتېرس ئاگېنتلىقى» تورىنىڭ 18 - ئاۋغۇستتىكى خەۋىرىگە كۆرە، بايدېن ھۆكۈمىتى يادرو ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ماتېرىياللىرى ۋە زاپچاسلىرىنى خىتايغا ئېكسپورت قىلىشقا بولغان كونتروللۇقنى كۈچەيتكەن بولۇپ، بۇ ئارقىلىق مەزكۇر بۇيۇملارنىڭ پەقەت تىنچ مەقسەتتە ئىشلىتىلىشىگە، يادرو قورالىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىشلىتىلمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

بۇ تەدبىر جاسۇسلۇق جىنايىتى، كىشىلىك ھوقۇق، خىتاينىڭ سانائەت سىياستى ۋە ئامېرىكانىڭ ئىلغار تېخنىكا مەھسۇلاتلىرىغا قارىتىلغان ئېكسپورت چەكلىمىسى قاتارلىق مەسىلىلەردە توقۇنۇشۇۋاتقان ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى جىددىيلىكنىڭ ئەڭ يېڭى ئالامەتلىرىدىن بىرى دەپ قارالماقتا.

ئامېرىكا سودا مىنىستىرلىقىنىڭ قارمىقىدىكى «سانائەت ۋە بىخەتەرلىك ئىدارىسى» ھازىر ئېكسپورت قىلغۇچىلاردىن خىتاينىڭ يادرو ئېلېكتر ئىستانسىلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان گېنېراتور، قاچىلىغۇچ ۋە يۇمشاق دېتاللارنى ئېكسپورت قىلىش ئۈچۈن ئالاھىدە ئىجازەتنامە ئېلىشنى تەلەپ قىلغان.

ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ يادرو بىخەتەرلىكىگە مەسئۇل ئورگىنى بولغان «يادرو ئېنېرگىيەسىنى باشقۇرۇش كومىتېتى»مۇ ئېكسپورت قىلغۇچىلاردىن مۇئەييەن يادرو ماتېرىياللىرى ۋە خام ئەشيا ئېكسپورت قىلىش ئۈچۈنمۇ ئالاھىدە ئىجازەتنامە ئېلىشنى تەلەپ قىلغان.

«يادرو ئېنېرگىيەسىنى باشقۇرۇش كومىتېتى» مۇنداق دېگەن: بايدېن ھۆكۈمىتى بۇ تەدبىرنى «ئامېرىكانىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكى مەنپەئەتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەمدە ئورتاق مۇداپىئە ۋە بىخەتەرلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن زۆرۈر» دەپ قارىدى.

بىر نەپەر ئامېرىكا ئەمەلدارى 14 - ئاۋغۇستتىكى ئۆزگىرىش «خىتايغا قارىتىلغان ئومۇمىي سىياسەتنىڭ مەھسۇلىدۇر» دېگەن.

ھالبۇكى، تەھلىلچىلەرنىڭ بىلدۈرۈشىچە، خىتاي ھۆكۈمىتى خىتايدىكى بارلىق شىركەتلەردىن ئۆزى ئىگىلىگەن تېخنىكا ۋە ماتېرىياللارنى ھۆكۈمەت بىلەن ئورتاقلىشىشنى تەلەپ قىلالايدىغان بولغاچقا، خىتايدىكى خۇسۇسىي شىركەتلەرگە تېخنىكا ۋە ماتېرىيال سېتىش ئەمەلىيەتتە خىتاي ھۆكۈمىتىگە تېخنىكا ۋە ماتېرىيال ساتقانلىق بولىدىكەن.

## خىتاي تەيۋەننىڭ مۇئاۋىن پرېزىدېنتىنىڭ ئامېرىكا زىيارىتىگە ئىنكاس سۈپىتىدە تەيۋەننىڭ ئەتراپىدا ھەربىي مانېۋىرنى باشلىدى

«رويتېرس ئاگېنتلىقى» تورنىڭ 20 ـ ئاۋغۇستتىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي 19 ـ ئاۋغۇست تەيۋەننىڭ ئەتراپىدا تەيۋەندىكى ئاتالمىش بۆلگۈنچى كۈچلەرگە قارىتىلغان «ئېغىر ئاگاھلاندۇرۇش» سۈپىتىدە ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزۈشكە باشلىغان بولۇپ، بۇ تەيۋەننىڭ مۇئاۋىن پرېزىدېنتى لەي چىڭدېنىڭ ئالدىنقى ھەپتە ئامېرىكاغا قىلغان زىيارىتىگە قارىتىلغان ئىنكاس ئىكەن.

كېلەر يىلى 1 ـ ئايدىكى تەيۋەن پرېزىدېنتلىق سايلىمىدا ئۇتۇپ چىقىش ئېھتىماللىقى ئەڭ يۇقىرى دەپ قارىلىۋاتقان لەي چىڭدې 18 ـ ئاۋغۇست ئامېرىكادىن تەيۋەنگە قايتىپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئامېرىكا زىيارىتى تەيۋەن دائىرىلىرى تەرىپىدىن «پاراگۋايغا بېرىپ ـ كېلىش جەريانىدىكى ۋاقىتلىق توختاش» دېيىلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئامېرىكادا تۇرغان جەريانىدا نۇتۇق سۆزلىگەنىدى.

خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ شەرقىي ئۇرۇش رايونى قوماندانلىق شتابى ئۆزىنىڭ قىسقا باياناتىدا، تەيۋەننىڭ ئەتراپىدا دېڭىز ۋە ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ بىرلەشمە ئۇرۇش تەييارلىقى چارلاش مانېۋىرى ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن.

تەيۋەن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى 19 ـ ئاۋغۇست ئەتىگەندىن باشلاپ تەيۋەن ئەتراپىدا مانېۋىرغا قاتناشقان 42 خىتاي ئايروپىلانى ۋە سەككىز پاراخوتنى بايقىغانلىقىنى، ھەمدە بۇنىڭغا ئىنكاس سۈپىتىدە پاراخوت ۋە ئايروپىلانلارنى ئەۋەتكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

تەيۋەن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى ئۆز باياناتىدا يەنە: «26 خىتاي ئايروپىلانى تەيۋەن بوغۇزىنىڭ 100 كىلومېتىر كەڭلىكتىكى مەركىزىي لىنىيەسىدىن ياكى لىنىيەنىڭ ئىككى ئۇچىدىن ھالقىپ كەتتى» دېگەن بولۇپ، نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، بۇ لىنىيە ئىككى دۆلەتنىڭ ئارمىيەلىرى ئارىسىدا بىرەسمىي توساق بولۇپ كەلگەنىدى.

## ئامېرىكا، ياپونىيە ۋە ئاۋستىرالىيە جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدا بىرلەشمە دېڭىز مانېۋىرى ئۆتكۈزمەكچى

«ئامېرىكا بىرلەشمە ئاگېنتلىقى» تورنىڭ 20 ـ ئاۋغۇستتىكى خەۋىرىگە كۆرە، فىلىپپىن بىخەتەرلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، خىتاي يېقىندا فىلىپپىننىڭ غەربىدىكى جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىنىڭ تالاش ـ تارتىش ئاستىدىكى رايونىغا تاجاۋۇز قىلغاندىن كېيىن، ئامېرىكا، ياپونىيە ۋە ئاۋستىرالىيە بۇ ھەپتە مەزكۇر رايوندا بىرلەشمە دېڭىز مانېۋىرى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، بۇ يەردە خەلقئارا قانۇننىڭ ھۆرمىتىنى قوغداش ئىرادىسىنى نامايەن قىلماقچى بولغان.

8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، خىتاي دېڭىز قىرغىقى مۇھاپىزەتچى پاراخوتلىرى تالاش ـ تارتىش ئاستىدىكى دېڭىز رايونىدا فىلىپپىن پاراخوتلىرىغا سۇ توپى ئىشلەتكەن بولۇپ، بۇ رايون ئۇزۇندىن بۇيان ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى بولغۇسى توقۇنۇشنىڭ پارتلاش نۇقتىلىرىدىن بىرى دەپ قارىلىپ كەلمەكتە.

ئىككى نەپەر فىلىپپىن ھەربىي ئەمەلدارىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، بۇ مانېۋىرغا ئۈچ ئاۋىيىماتكا قاتناشتۇرۇلىدىغان بولۇپ، مانېۋىرنىڭ قوماندانلىرى دېڭىز مەشقىدىن كېيىن مانىلادا فىلىپپىنلىق ماقامداشلىرى بىلەن كۆرۈشىدىكەن.

پىلانلانغان مەزكۇر مانېۋىرنىڭ تەپسىلاتلىرىنىڭ ئاشكارا مۇنازىرە قىلىنىشى چەكلەنگەنلىكى ئۈچۈن، فىلىپپىننىڭ بۇ ئىككى نەپەر ئەمەلدارى ئىسمىنى يوشۇرۇش شەرتى بىلەن سۆز قىلغان.

## كىيىم ـ كېچەك تەمىنات زەنجىرىنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش سالمىقى ھېلىھەم يېتەرسىز بولماقتا

«رويتېرس ئاگېنتلىقى» تورىنىڭ 20 ـ ئاۋغۇستتىكى ماقالىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، دۇنيا مىقياسىدا پاختا تەمىنات زەنجىرىنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق ياكى ئەمەسلىكىگە بولغان دىققەت ـ ئېتىبار ئىلگىرىكىدىن كۈچەيگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ جەھەتتىكى تىرىشچانلىقلار يەنىلا يېتەرسىز ئىكەن.

مەسىلەن، دۇنيادىكى پاختىنىڭ يىگىرمە پىرسەنتىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان شەرقىي تۈركىستاندىن مەنبەلەنگەن مەھسۇلاتلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەكتىن خالىي بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن 2022 ـ يىلى 6 ـ ئايدا «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى» يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئالاقىدار خەۋەر ۋە دوكلاتلار شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھېلىھەم مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتمەكتە.

بۇنىڭدىن سىرت، تۈركمەنىستاندا ھۆكۈمەت تارماقلىرىدىكى ئىشچىلار پاختا تېرىشقا مەجبۇرلانغان، ھەتتا خۇسۇسىي تارماقلارنىڭمۇ بۇنىڭ ئۈچۈن پۇل ياكى ئادەم كۈچى ياردەم بېرىشى تەلەپ قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭغا قارىتا «خەلقئارا ئەمگەك تەشكىلاتى» تۈركمەنىستاننىڭ مەجبۇرىي ئەمگەكنى تۈگىتىش مەجبۇرىيىتىنى قانچىلىك ئادا قىلغانلىقىنى تەكشۈرمەكتە ئىكەن.

ھالبۇكى، كىيىم ـ كېچەك ساھەسىنىڭ ئۆز تەمىنات زەنجىرىدىكى بۇ خىل جىنايەتلەرنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش سالمىقى تولىمۇ يېتەرسىز ئىكەن. «كىيىم ـ كېچەك ئىنقىلابى» تەشكىلاتى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان 2023 ـ يىللىق «كىيىم ـ كېچەك ساھەسىدىكى ئوچۇق ـ يورۇقلۇق كۆرسەتكۈچى»دە كۆرسىتىلىشىچە، G20 گە ئەزا دۆلەتلەر ئىمپورت قىلىدىغان 468 مىليارد دوللارلىق كىيىم ـ كېچەك زامانىۋى قۇللۇق خەۋپىگە دۇچ كەلگەن بولۇپ، بۇ مەزكۇر دۆلەتلەرنىڭ تاۋار

ئىمپورتىنىڭ ئۆچتىن بىرىگە توغرا كېلىدىكەن. مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ تەھلىلىگە كۆرە، كىيىم ـ كېچەك شىركەتلىرىنىڭ 23 پىرسەنتىلا تەمىنلەش زەنجىرىدىكى زامانىۋى قۇللۇققا مۇناسىۋەتلىك قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشلىرىنىڭ قانچىلىك ئومۇمىلىشىپ كەتكەنلىكىنى ۋە خەۋپ ئامىللىرىنى ئاشكارىلىغان.

## ئامېرىكا خىتاي بىلەن بولغان پەن ـ تېخنىكا كېلىشىمنى قىسقا مۇددەتلىك ئۇزارتماقچى

«axios» تورىنىڭ 24 ـ ئاۋغۇستتىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكادا «خىتاي ئامېرىكانىڭ ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتىدىن نەپكە ئېرىشىپ، ئامېرىكاغا قارشى رىقابەت ئەۋزەللىكىگە ئېرىشمەكتە» دېگەن ئەندىشە داۋاملىشىۋاتقان بۇ پەيتتە، ئامېرىكا خىتاي بىلەن تۈزۈشكەن 44 يىللىق تارىخقا ئىگە پەن ـ تېخنىكا كېلىشىمىنىڭ مۇددىتىنى ئالتە ئاي ئۇزارتماقچى ئىكەن.

نۆۋەتتە بۇ كېلىشىم ــــ شۇنداقلا ئامېرىكا ـ خىتاي ئارىسىدىكى ئومۇمىي تېخنىكا ھەمكارلىقى ــــ ئامېرىكا پارلامېنت ئەزالىرى تەرىپىدىن قاتتىق تەكشۈرۈلۈۋاتقان بولۇپ، ئۇلار مەزكۇر كېلىشىمنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەقلىي مۈلۈك ئوغرىلىشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرەلەيدۇ، دەپ قارايدىكەن.

ئامېرىكا بىلەن خىتاينىڭ ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتىدىكى ھەمكارلىق رامكىسىنى بەرپا قىلغان، 44 يىللىق تارىخقا ئىگە «ئامېرىكا ـ خىتاي پەن ـ تېخنىكا كېلىشىمى» 1979 ـ يىلى تۇنجى قېتىم ئىمزالانغاندىن بۇيان، ھەر بەش يىلدا بىر قېتىم يېڭىلىنىپ تۇرغان بولۇپ، بۇ قېتىمقى مۇددىتى 27 ـ ئاۋغۇست توشىدىكەن.

ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىدىكى «خىتاي مەخسۇس كومىتېتى» ئامېرىكانىڭ « ئامېرىكا ـ خىتاي پەن ـ تېخنىكا كېلىشىمى»نى يېڭىلىماسلىقنى «كۈچلۈك» تەۋسىيە قىلغان ھەمدە مەزكۇر كېلىشىمنىڭ تەركىبىدىكى تەتقىقاتلارنىڭ خىتاينىڭ ھەربىي سانائىتىنى كۈچەيتىۋېتىشىدىن ئەندىشە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

## بېيجىڭدىكى ۋەكىل خاراكتېرلىك مەسچىتمۇ خىتايچىلاشتۇرۇلدى

«ئامېرىكا ئاۋازى» تورىنىڭ 24 ـ ئاۋغۇستتىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاينىڭ شىمالىدىكى ئەڭ چوڭ ئىسلامىي ئىبادەتگاھ بولغان بېيجىڭدىكى دوديەن مەسچىتى خىتاينىڭ «خىتايچىلاشتۇرۇش پروگراممىسى»غا بىنائەن ئۆزگەرتىلگەن بولۇپ، بۇ پروگرامما چەتئەللىك خىتايدىكى دىنىي تەسىرنى ئاجىزلىتىش ياكى يوقىتىشنى مەقسەت قىلغان ئىكەن.

خوڭكوڭدىكى «شىڭداۋ كۈندىلىك گېزىتى»نىڭ خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، بۇ يىل تۈتىنچى ئايدا تاماملانغان چوڭ رېمونت قىلىش نەتىجىسىدە، بۇ مەسچىتنىڭ ئەسلى ئەرەبچە ئۇسلۇبىتىكى

گۈمبىزىنىڭ ئورنىغا خىتايچە ئۇسلۇبتىكى بەش دانە راۋاق ئورنىتىلغان. مەسچىتنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى ئىككى مۇنارمۇ چېقىۋېتىلگەن.

ھازىر، مەسچىتنىڭ ھەممە يېرىدە «سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى»، «20 - قۇرۇلتاينىڭ روھىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىلاشتۇرۇش» قاتارلىق ھەر خىل شوئارلار كۆزگە چېلىقىدىغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە مەزكۇر چېقىپ - تۈزەش ھەرىكىتىنىڭ ئارقىسىدىكى تەپەككۇرنىڭ ئەڭ كۈچلۈك نامايەندىسى «خىتايدىكى دىنلارنى خىتايلاشتۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش» دېگەن شوئار بولۇشى مۇمكىن.

بىر قېتىمدا 1500 ئىبادەتچىنى سىغدۇرالايدىغان 15 مىڭ كۋادرات مېترلىق بۇ ئىمارەتنىڭ قۇرۇلۇشى ئون يىل ئىلگىرى پۈتكەندە، ئۇنىڭ ئەرەبچە بىناكارلىق ئۇسلۇبى ھېچقانداق تالاش - تارتىش قوزغىمىغانىدى.

تەيۋەندىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات يۇرتىنىڭ تەتقىقاتچىسى شى چېنيۈنىڭ بىلدۈرۈشىچە، بۇ ئىمارەت ئەينى چاغدىكى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ جېڭۋېي تەرىپىدىن تەستىقلانغان بولسىمۇ، ئەمما شى جىنپىڭ تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئىسلامىي ئالاھىدىلىككە ئىگە مەسچىتلەرنى «تۈزىتىش» توغرىسىدا يوليورۇق چۈشۈرگەن ۋە نەتىجىدە، چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ شىنىڭ شەھىرىدىكى 700 يىللىق تارىخقا ئىگە تۇڭگان مەسچىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن مەسچىتلەرنىڭ گۈمبەز ۋە مۇنارلىرى چېقىۋېتىلگەن.

## كانادا ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگىكىگە چېتىشلىق دەپ قارالغان بىر قانچە شىركەتنى تەكشۈرمەكچى

«ئەلجەزىرە» تورىنىڭ 25 - ئاۋغۇستتىكى خەۋىرىگە كۆرە، ۋولمارت (Walmart)، ھيۇگو بوس (Hugo Boss) ۋە كىيىم - كېچەك شىركىتى دىزېل (Diesel) ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگىكىدىن پايدىلانغان دەپ ئەيىبلەنگەنلىكى ئۈچۈن، كانادانىڭ ئەخلاقىي نازارەت ئاپپاراتى بولغان «مەسئۇلىيەتچان كارخانا نازارەتچىسى» (Canadian Ombudsperson for Responsible Enterprise) بۇ شىركەتلەرنى تەكشۈرمەكچى ئىكەن.

«مەسئۇلىيەتچان كارخانا نازارەتچىسى» 24 - ئاۋغۇست مەزكۇر تەكشۈرۈش قارارىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، بۇنىڭغا بولتۇر پۇقرالار جەمئىيىتى تەشكىلاتلىرىنىڭ مەزكۇر شىركەتلەرنى شەرقىي تۈركىستاندا مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغان خىتاي تەمىنلىگۈچىلەر بىلەن ھەمكارلاشقان دەپ ئەيىبلىگەنلىكى سەۋەب بولغان.

«مەسئۇلىيەتچان كارخانا نازارەتچىسى»نىڭ باياناتچىسى شېرى مېيېرخوفېر بۇ ھەقتىكى باياناتىدا مۇنداق دېگەن: «ھازىر تەرەپلەرنى مۇرەسسەلەشتۈرۈش مۇمكىن بولمىغاچقا، بىز بۇ

ئەيىبنامىلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەيىبلەشلەرنى تەكشۈرىمىز. تەكشۈرۈش جەريانىدا، ئۇچىلا شىركەتنىڭ داۋاملىق مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەش پۇرسىتى بار، ئەيىبلەشنى مۇرەسسە ئارقىلىق ھەل قىلىش يولى يەنىلا ئوچۇق.»

ھيوگو بوس شىركىتىنىڭ باياناتچىسى ئۆز شىركىتىگە قارىتىلغان ئەيىبلەشنىڭ «ھېچقانداق ئاساسى يوق»لىقىنى ۋە تەكشۈرۈشنىڭ بۇلتۇر ئاخىرلاشقان تەمىنلەش مۇناسىۋىتىنى ئاساس قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «ھيوگو بوس شىركىتى بىۋاستە تەمىنلەش مۇناسىۋىتى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىن ھېچقانداق مەھسۇلات سېتىۋالمايدۇ. پرىنسىپ جەھەتتە، بىز مەجبۇرىي ئەمگەككە ياكى ھەر قانداق شەكىلدىكى زامانىۋى قۇللۇققا يول قويمايمىز.»

### سەئۇدىي ئەرەبىستان خىتاي بىلەن يادرو كېلىشىمى ئىمزالىشىشنى ئويلاشماقتا

«islam21c» تورىنىڭ 26 ـ ئاۋغۇستتىكى خەۋرىگە كۆرە، سەئۇدىي ئەرەبىستان گېئوپولىتىكا تۇتۇمىنى كىشىنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرىدىغان رەۋىشتە ئۆزگەرتىپ، يادرو ئېنېرگىيەسى ساھەسىدە خىتاي بىلەن ھەمكارلىشىشنى ئويلاشماقتا ئىكەن. «خىتاي يادرو سانائىتى گۇرۇھى شىركىتى» (中国核工业集团公司) تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ تەكلىپتە سەئۇدىي ئەرەبىستان، قاتار ۋە ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ چېگراسىغا يېقىن جايدا يادرو ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

بۇ تەكلىپ غەرب ئەللىرىدىكى تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەرنىڭ ئەندىشىسىنى قوزغىغان.

ئىگىلىنىشىچە، ئامېرىكا سەئۇدىي ئەرەبىستانىنىڭ يادرو ئارزۇسىغا قارىتا قاتتىق شەرتلەرنى قويغانلىقتىن، بۇنىڭدىن ئۈمىدسىزلەنگەن سەئۇدىي ھۆكۈمدارلىرى بۇ ساھەدە خىتاي بىلەن ھەمكارلىشىشنى ئويلاشقان.

ئامېرىكا سەئۇدىي ئەرەبىستانغا قويغان بۇ شەرتلەر ئۇرانىنى قويۇلدۇرۇشتىن ۋە دۆلەت ئىچىدە ئۇران قېزىشتىن ۋاز كېچىش ۋەدىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى يادرو قوراللىرىنىڭ كېڭىيىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلغان ئىكەن.

سەئۇدىي ئەرەبىستان ئەمەلدارلىرى خىتاينىڭ مەزكۇر تەلىپىنى ئويلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئارقىلىق بايدىن ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىپ، ئۆزىنىڭ يادرو ئېنېرگىيەسى تەرەققىياتىغا قويۇلغان بۇ شەرتلەرنى يېنىكلىتىشنى ئۈمىد قىلماقتا ئىكەن.

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «خىتاي سەئۇدىي ئەرەبىستان بىلەن پۇقراۋى يادرو ئېنېرگىيەسى ۋە باشقا ساھەلەردە ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈشىدىغان

ھەمكارلىقنى داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلقئارالىق يادرو قوراللىرىنى كېڭەيتمەسلىك مەجبۇرىيىتىنى قەتئىي ئادا قىلىدۇ.»

ھالبۇكى، خىتاينىڭ گۈللىنىۋاتقان يادرو سانائىتىنىڭ ۋە بۇ ساھەدە سەئۇدىي ئەرەبىستان بىلەن ھەمكارلىشىشىنىڭ ئۇيغۇرلارغا زىيان سالىدىغانلىقى شەكسىز.

گەرچە خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا قارىتا ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلىۋاتقان بولسىمۇ، سەئۇدىي ئەرەبىستان ئۆز كۆچىنى زورايتىش ئۈچۈن خىتاي بىلەن تېخىمۇ قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا كۆچەۋاتقان بولۇپ، ئۇلار ھەتتا سەئۇدى ئەرەبىستاندا تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارنى خىتايغا قايتۇرۇپ بەرگەندى. ئەگەر بۇ ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى ھەمكارلىق داۋاملىق كۆچەيسە، بۇنىڭ ئۇيغۇرلارغا تېخىمۇ سەلبىي تەسىرى بولۇشى مۆلچەرلەنمەكتە.

## شى جىنپىڭ شەرقىي تۈركىستان زىيارىتىدە «مۇقىملىق»نى داۋاملىق قوغداشنى تەكىتلىدى

«ئەلجەزىرە» تورىنىڭ 27-ئاۋغۇستتىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاينىڭ دۆلەتلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بولغان «مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى»نىڭ بىلدۈرۈشىچە، خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ 26-ئاۋغۇست شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەركىزىي شەھىرى ئۈرۈمچىگە بېرىپ، ھۆكۈمەت خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىغان ۋە نۇتۇق سۆزلەپ، «شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈرلۈك خىزمەتلەردە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئۇتۇقلارنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن.»

بۇنىڭدىن سىرت، شى جىنپىڭ ئۆزىنىڭ ئاز ئۇچرايدىغان شەرقىي تۈركىستان زىيارىتىدە يەرلىك ئەمەلدارلارنى رايوننىڭ «تەستە قولغا كەلگەن ئىجتىمائىي مۇقىملىقى»نى قوغداشقا ئۈندىگەن.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى، شى جىنپىڭ 2022-يىلى 7-ئايدا، يەنى ب د ت نىڭ شەرقىي تۈركىستان توغرىسىدىكى دوكلاتى ئېلان قىلىنىشتىن سەل ئىلگىرى شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلغان بولۇپ، شى جىنپىڭ شۇنىڭدىن ئىلگىرىكى سەككىز يىل جەريانىدا شەرقىي تۈركىستانغا بېرىپ باقمىغانىدى.

مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، شى جىنپىڭ «ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشنى ھەر ۋاقىت بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشنى ۋە مۇقىملىق ئارقىلىق تەرەققىياتقا كاپالەتلىك قىلىشنى» تەكىتلىگەن.

شى جىنپىڭ يەنە مۇنۇلارنى بىلدۈرگەن: «تېرورلۇققا ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۆرىشىنىڭ تەرەققىياتى چوقۇم جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى نورماللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈشى كېرەك ...»

شى جىنپىڭ يەنە ئەمەلدارلارنى «ئىسلام دىنىنى خىتايلاشتۇرۇشنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئىلگىرى سۈرۈش ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرنى ئۈنۈملۈك چەكلەش»كە چاقىرىپ مۇنداق دېگەن: «بىز

**چوقۇم كىرىزىس تۈيغۇمىزنى كۈچەيتىپ، تەستە قولغا كەلگەن ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى مۇستەھكەملىشىمىز كېرەك. خىتايچە زامانىۋىلىشىش مۇساپىسىدە، بىز ئىجىل ـ ئىناق، باي ـ باياشات گۈزەل شەرقىي تۈركىستاننى تېخىمۇ ياخشى رەۋىشتە بەرپا قىلىمىز.»**

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى



شورد شوردزما

ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى ھوللاندىيەدە تونۇتۇش ئۈچۈن خىتايغا قارشى كۈرەش قىلغان ھوللاندىيە پارلامېنت ئەزاسى، ھۆرمەتلىك شورد شوردزما ئەپەندى


ئۇيغۇرلار
The Uyghurs
ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى
The Magazine of the Uyghur Culture and Survival
ئۇيغۇرنىڭ ئۇيغۇر بىلەن توي قىلىشى خىتاينىڭ ئۇيغۇرنى يوقىتىش سىياسىتىگە قارشى بىر ياخشى جاۋاب.